شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2003

5



بۇلاق

ISSN 1005 0876

源泉(布拉克)

www.uyghurkitap.com

# ئابدۇۋەلى خەلپەت ئەپەندىنىڭ

# ھايات كارتىنىلىرى





1



3



2



4

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

24-يىل نەشرى

ئومۇمىي 92-سان

www.uyghurkitap.com


# بۇلاق

2003 - يىللىق 5 - سان





باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن     مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن


## بۇ ساندا


### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدى ............................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

فۇتۇۋۋەتنامە ............................ مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى (13)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەنۋەر تۇردى

### تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە ............................ بارتولد (22)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى رېئال ئەھمە-
يىتى ............................ ئابدۇرەئۇپ پولات (35)

### ئارخېئولوگىيە، دىن تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» دىكى ئەخلاقىي دەۋەتلەر ............ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (46)

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئۇن يې-
مەكلىكلىرى مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ...... ئىسرائىل يۈسۈپ قاتارلىقلار (62)

### مەشھۇر شەخسلەر

ئەبۇبەكرى زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە ............ ئابدۇرېھىم ھاشىم (76)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

سۇنغان ساتار ...................... مىركەرىم ئاسىم (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) (83)

## ئەجدادلار نەسىھىتى

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە ئەخلاقى قارىشى ئۈستىدە مۇلاھىزە .......................
....................... ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت (95)

## بىزنىڭ ئالىملىرىمىز

نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە بېغىشلانغان ھايات ..................... مۇھەممەتتۇردى (107)

* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: مۇتالىئە.

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: 1) ئابدۇۋەلى خەلپەت ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدىكى ساۋاقداشلىرىدىن مىرغىياس (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن بىرىنچى)، ئىسمائىل ئىسرايىل (ئارقا رەت ئوڭدىن بىرىنچىسى)، ئورخان سايرانى (ئارقا رەت ئوڭدىن ئىككىنچىسى) لار بىلەن بىرگە.

2) ئوڭدىن (ئىككىنچى): ئابدۇسالام توختى، مەخمۇت زەيدى، ئابدۇۋەلى خەلپەت، قۇربان بارات، توختى باقى قاتارلىق كەسىپداشلىرى بىلەن بىللە.

3) ئابدۇۋەلى خەلپەت «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈم مۇھەررىرلىرىدىن مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، پەرىدە ئەمىن، نىجات مۇخلىس، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت قاتارلىقلار بىلەن بىللە.

4) ئابدۇۋەلى خەلپەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكى بىر قىسىم كەسپىي تايانچىلاردىن (ئوڭدىن سولغا) ساۋۇت ئۆمەر، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىددىن، ئەخەت ھاشىم، سەلىمجان، مۇھەممەت ئوسمان، مامۇت سابىت، مۇھەممەترېھىم، توختى باقى، مەمتىلى توخسۇن، ئىسمائىل ئەسقەرى، ھەسەنجانلار بىلەن بىللە.

مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: 1) ئابدۇۋەلى خەلپەت 1950 - يىلى 7 - ئايدا تېيىپجان ئېلىيوف بىلەن شىئەندە.

2) ئابدۇۋەلى خەلپەت ئايالى ئاسىيە مۇھەممەد بىلەن بىللە.

3. ئابدۇۋەلى خەلپەت ئايالى ئاسىيە (ئوڭدىن بىرىنچىسى)، قېيىنسىڭلىسى رازىيە ۋە ئاب- لىزلار بىلەن 1991 - يىلى 5 - ئايدا قىرغىزىستاندا.

4. ئابدۇۋەلى خەلپەت ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە.

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)

www.uyghurkitap.com

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

مولla مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### سۈيۈنچەكخاننىڭ جەڭلىرىدىن كېيىن دۇچ كەلگەن ۋەقەلەر ۋە سۇلتان سەئىدخاننىڭ قازاق تەرەپكە، قاسىمخاننىڭ ھۇزۇرىغا بارغانلىقىنىڭ بايانى

تارىختا توققۇزيۈز ئونسەككىز[2] باش باھار پەسلى ئىدى، شاھىبېگخاننىڭ تەۋەلىرىدىن بولغان ئۆزبېك شەيبانىيلار ماۋەرائۇننەھردە كۆچىيىپ، كۆڭۈلدە ئۇلارنىڭ ۋەھىمە ۋە ئەندىشىلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلار خاننىڭ ئەندىجاندا ئەمىرلىرى بىلەن تۈزگەن تەدبىر ۋە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئەندىجانغا كېلىشتىن توختىدى. شۇڭا، خان ئەمىرلىرى بىلەن بۇ قىشنى مۇشۇ ھىيلىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ، دەسلەپكى باھار پەسلى كەلگەندە ئويلىنىشقا باشلىدى. «ئەمدى نېمە ھىيلە قىلارمىز ۋە نېچۈك تەدبىر ئىشلىتەرمىز» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىدا توساتتىن قاسىمخان تاشكەنت ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. قاسىمخاننىڭ تاشكەنت ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپ، لېكىن قاسىمخان تېخى تاشكەنت ئۈستىگە كەلمەستىنلا، خان تېزدىن بېرىپ تاشكەندكە تەۋە ئاھەنگەران ئاتلىق يەرنى چاپقۇن قىلدى. پېقىر شۇ سەپەردە ھەمراھ ئىدىم. سەھەر ۋاقتىدا ئاھەنگەران خەلقىنىڭ ئۈستىگە يېتىپ باردۇق. ئۇ خەلق ئەھلى ئاياللىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى جاڭگالدا مەھكەم يوشۇرۇپ قويغانىدى. جاڭگالنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇلۇغ سۇ بار ئىدى، يەنە بىر تەرىپى چوڭقۇر يار ئىدى. بىر يولدىن باشقا يول يوق ئىدى. ئۇ خەلق ئاشۇ مۇستەھكەم جايغا بېكىنىپ يولنى توسۇپ بىزنى يېقىن بارغىلى قويمىدى. بۇ ۋەقە خانغا ئاڭلاندى. خان پېقىرنى خاجە ئەلى باھادىرغا تاپشۇرۇپ: «مىرزا ھەيدەرنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتقىن، قويۇپ بەرمىگىن، خەتەرلىك يەرلەرگە بارمىسۇن» دېدى. چۈنكى، پېقىرنىڭ تېخى يېشىم كىچىك ئىدى، ياخشى-

---

① بېشى ئۈتكەن ساندا.

② ھىجرىيە 918 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1512 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

نى ياماندىن ئايرىيالمايتتىم، ئۆزۈمنى خەتەردىن مۇھاپىزەت قىلالىغۇدەك ئىقتىدارىم يوق ئىدى. خان ئۆزى لەشكەر باشلاپ ئۇ خەلققە يېقىن باردى. خان ئۇ خالايىقنىڭ ھەممىسى پىيادە ھالەتتە ئوق ۋە كامانىنى قوللىرىغا ئېلىپ، ھەر بۇلۇڭدا ئوق ياغدۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى باھادىرلارغا: «ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىشكە ئالدىرىماڭلار، ھەممىڭلار بىراقلا ھۇجۇم قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. باھادىرلار خان-نىڭ پەرمانى بىلەن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى ياندۇرۇپ، بىراقلا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە ئۆزىنىڭ تەرتىپلىرىنى تۈزۈشكە مەشغۇل بولدى. ئۇلار شۇ مەشغۇللۇقتا تۇيماي قالغانىدى، خان يەككە - يېگانە ھالدا ھۇجۇم قىلدى، چۈنكى خاننىڭ بۇ سۆزىنى ئېيتىشتىكى مەقسىتى باھادىرلارغا تۇيغۇزماي، ئۆزى يالغۇز ھۇجۇم قىلىش ئىدى. خان ھەممىدىن ئىلگىرى ئۆزىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزدى. قارشى تەرەپتىن خاننى قەستلەپ ئۈچ نەپەر كاماندار تەق بولۇپ تۇرغانىدى. خان يېتىپ بارغان ھامان ئۈچەيلەن خانغا ئوق ئاتتى. بۇ ئوقلارنىڭ ھېچقايسىسى خانغا تەگمىدى. خان ئۇ ئۈچەيلەننىڭ بىرىگە دۈشمەننى قىرغۇچى تىغىنى ئۇردى. ئۇ جان ۋەھىمىسىدە خاننىڭ ئېتىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى. خان يەنە بىرىگە يۈزلەنگەنىدى، ئاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغىنى بولسا قېچىپ كېتىپ باراتتى. ئەبدۇلۋاھىد باھادىر ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى، خاننىڭ ئارقىسىدىن ئۇمۇ ھۇجۇم قىلىپ بارغانىدى. شۇ ئەسنادا خاننىڭ ئېتىنىڭ ئاستىدىن قېچىپ چىققان كاماندارنى ئۇ پالۋان شەمشەر بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، بېشى بىر كامان بويى چاچراپ چىقىپ يەرگە چۈشتى. قالغان ئىككىسىنى خان يوقلۇق دەرگاھىغا ئەۋەتتى. ئاڭغىچە خاننىڭ ھەربىرى پەلەك بەھرامىغا خۇنخورلۇقتىن تەلىم بەرگۈچى پالۋانلىرى چاقماقتەك تېز يېتىپ كەلدى. گوياكى «چاقماق چاقىقاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدۇ.»[1] ئايىتى ئايان بولدى. بىر پەستىلا ئۇ كىشىلەرنىڭ تىرىكلىك خامىنىنى شۇنداق يوق قىلدىكى، تاكى قىيامەتكىچە ئۇلاردىن ئەسەر ۋە نىشان قالمىدى. بۇ جەڭدە شىجائەتلىك باتۇرلار ۋە قەيسەر جەڭچىلەردىن ھېچكىم خانغا تەڭ تۇرالماي، ھەممىسى بىردەك خانغا ئاپىرىن - تەھسىن ئېيتتى ۋە ئىنساپ قوللىرى بىلەن شىجائەتنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىنى خانغا بەخشەندە قىلدى. خان ئۇ سەپەردىن ساق - سالامەت ۋە غەلىبە بىلەن يېنىپ كەلگەنىدى.

قاسىمخاننىڭ سۈيۈنچەكخان ئۈستىگە تاشكەندكە يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى. خان يالغۇز تاشكەندكە يۈرۈپ كەتتى. پەرغانە بىلەن تاشكەندنىڭ ئارىسىدىكى كەندىرلىك دېگەن داۋانغا يەتكەندە، قاسىمخاننىڭ تاشكەندتىن يانغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. شۇڭا خانمۇ شۇ يەردىن ئاخسىغا كېلىپ، پەرغانە ۋىلايىتىدىكى قەلئەلەرنى مەھكەم بېكىتتى، [ئاندىن قازاقلارنى قايتىدىن تاشكەند ئۈستىگە باشلاپ كېلىش ئۈچۈن] قازاقلار تەرىپىگە يۈزلەندى. پېقىر ساقىسىز بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ سەپەردىن قالغانىدىم. خان قازاق تەرىپىگە يۈرۈپ، موغۇلىستاننىڭ جۇد[2] ئاتلىق مەشھۇر بىر جايىدا، قاسىمخاننىڭ قارارگاھىغا يېتىپ باردى. ئۇ ۋاقىتتا قاسىمخاننىڭ يېشى يەتمىشكە يەتكەنىدى، خاننىڭ يېشى ئوتتۇزغا يەتكەن بولسا كېرەك. قاسىمخان ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىق ئۆزرىنى ئىزھار قىلىپ، خاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقمىدى. قالغان تامام سۇلتانلارنى خاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقارتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى

---

① «قۇرئان كەرىم»2 - سۈرە بەقەرە 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.»

② بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە جو(چۇ) دېيىلگەن.

ئەللىك ـ ئاتمىش ياشلاردا ئىدى. مەسىلەن، خانىشخان[1]، ساباشخان[2]، ماماشخان، جانەيدەر سۇلتان، خارىش[3]سۇلتان قاتارلىقلار باشچىلىقىدا ئوتتۇز ـ قىرىق نەپەر جوجى نەسەبلىك سۇلتانلارنى خاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئالدىغا بېرىپ، تىزلىنىپ كۆرۈشۈشكە بۇيرۇغاندى. ئۇلار ئىچىدىن خانىشخان ۋە ساباشخان ئىككىسىنىڭ يېشى خاندىن تولىمۇ چوڭ بولغاچقا، خان بۇلار بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ تىز پۇكۇپ[4]كۆرۈشتى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى خانغا تىزلىنىپ مۇلاقات بولدى. خان ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرۇپ كۆرۈشتى. خان كېلىپ قاسىمخان بىلەن كۆرۈشكەندە، قاسىمخان شۇنداق پېشكەشلەرنى قىلدىكى، خان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قاسىمخاننىڭ بۇ گۈزەل ئۇچرىشىشىنى، ئىنسانىي ئادىمىگەرچىلىكىنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. ھەرۋاقىت قاسىمخاننى ئەسلەش مۆرىتى كەلسە، خان «ئەنارەللاھۇ بۇرھانەھۇ» (ئۇنىڭ ھۆججەتلىرى نۇرلۇق بولغاي) دېگەن سۆزلەرنى ئېيتاتتى ۋە: «قاسىمخان شۇنداق كىشى ئىدىكى، ئۇنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىنىڭ چەك ـ چېگرىسى يوق ئىدى.» دەپ ئۇنىڭ دوستلۇق ۋە ئادىمىگەرچىلىكىنى بايان قىلاتتى. قاسىمخان كۆرۈشكەندە خانغا: «بىز سەھرالىق خەلقمىز، بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئوبدان نەپىس بايلىق ۋە لەزىز غىزالار يوق، بايلىقىمىزنىڭ ئېسىلراقى ئات، غىزايىمىزنىڭ لەزىزراقى گۆشتۇر. شارابىمىزنىڭ ياخشىراقى ئاتنىڭ سۈتىدۇر. بىزنىڭ دىيارىمىزدا باغ ۋە ئىمارەت يوق، سەيلىگاھىمىز يىلقىدۇر. ھەر ۋاقىت تاماشا قىلار بولساق، يىلقىلار ئوتلايدىغان يايلاققا بېرىپ، ئاتلارنى كۆرۈپ تاماشا قىلىمىز. [بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ بىرەر سائەت تاماشا قىلايلى]» دەپ، خاننى يىلقىسى بار يەرگە باشلاپ باردى [ۋە ھەممە چارۋىلىرى ۋە ئاتلىرىنى تاماشا قىلدۇردى ]. قاسىمخان يەنە: «[ئىككى] ئېتىم باردۇركى، پۈتكۈل يىلقىلىرىمنى ئۇنىڭغا تەڭ كۆرمەيمەن» دېدى. خان دائىم: «ھەقىقەتەن ئۇ ئىككى ئاتقا ئوخشايدىغان ئاتنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەنىدىم» دەيتتى. قاسىمخان ئۇ ئىككى ئاتنى كەلتۈرۈپ: «بىز سەھرالىق خەلق مۇشۇ ئىككى ئاتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن ھايات كەچۈرىمىز، بۇ ئىككى ئاتتىن بۆلەك ئىشەنچكە يارىغۇدەك ئېتىم يوق. بۇ ئىككى ئاتنىڭ ھېچبىرىنى كىشىگە بېرىشىم ۋە قولۇمدىن چىقىرىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، سىز ئىززىز مېھمانسىز، نەزىرىڭىزگە قايسى ياقسا، شۇنى سىز ئېلىڭ بىرىنى ماڭا قويۇڭ» دېدى. تولا تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن قاسىمخان ئۇ ئىككى ئات ئىچىدىن «ئوغلانتورۇق» دەيدىغان بىر ئاتنى ئۆزى ئالدى. «ئوغلانتورۇقتەك ئاتنى پۈتكۈل يەر يۈزىدە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغاندۇر، بەلكى، ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولغىيدى. يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ۋە ئېسىلراق ئىدى. ئۇنى خانغا بەردى. يەنە يىلقىلىرى ئارىسىدىن نەچچىلىگەن ئوبدان ئاتلارنى ئىلغاپ خانغا بەردى. ئاندىن كېيىن قاسىمخاننىڭ ئالدىدا ئىككى كاسا قىمىز بار ئىدى، ئۇنى ئېلىپ خانغا قاراپ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ مېھماندارچىلىقىمىز قىمىز بىلەندۇر، ئەگەر ئىلتىپات قىلىپ بۇنى ئىچسىڭىز، مەن كۆپ مىننەتدار بولغان بولاتتىم». ئەمما، خان خېلىدىن بېرى ئىچىملىكنى تاشلىغانىدى، شۇڭا قاسىمخانغا ئۆزرە ئېيتىپ:

③ بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «جانىشخان» دېيىلگەن.

④ بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «بىنەشخان» دېيىلگەن.

① بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «قارش» دېيىلگەن.

② «تىز پۇكۇپ كۆرۈشتى» دېگەن سۆز مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «تەڭ باراۋەر ھالەتتە تۇرۇپ كۆرۈشتى» دېيىلگەن.

«بىرنەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئىچىملىكنى تاشلىغانىدىم، ئەمدى ئۇ ئەھدىمنى سۇندۇرسام ياخشى بولماسمىكىن» دېدى. قاسىمخان: «مەن دەسلەپكى ئۇچراشقاندىلا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى، دىيارىمىزنىڭ غىزا ۋە شارابلىرىنى سەمىڭىزگە سالغانىدىم، شارابىمىزنىڭ ياخشىراقى ئاتنىڭ سۈتى دېگەنىدىم. ئەگەر بۇ قېمىزنى ئىلتىپات قىلىپ ئىچمىسىڭىز، بىز نامراتلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، سىزنى مېھمان قىلىشقا تەييار قىلغان شارابىمىزنى خوپ كۆرمىسىڭىز، بىزگە چوڭ خىجالەتچىلىك بولغۇسىدۇر. بىز قانداق قىلىپ سىزنىڭ خىزمەتىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز. يىل يىللار ئۆتۈپ سىزدەك ئەزىز مېھمان مەندەك نامرات ساھىبخانىنىڭ كۈلبىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، مەن مېھماندارچىلىق قىلىشتىن بۇنداق ئاجىز كېلىپ قالسام، قانداق خىزمەت بىلەن بۇ خىجالەتچىلىكتىن خالاس تاپقايمەن، قايسى تىل بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ بۇ خىجالەتتىن چىقارمەن» دەپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن مالاللىق ۋە خىجالەتچىلىك ئالامەتلىرى ئوچۇق - ئاشكارە كۆرۈندى. خان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاسىمخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، شاراپ كاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، تەخىرسىزلا قېمىزنى بىر يۇتۇم قالدۇرماي ئىچىۋەتتى. قاسىمخان ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال - خورام بولۇپ، گۈل - گۈل ئېچىلىپ، سۆھبەتنى قىزىتتى. ئۇلار تاكى يېگىرمە كۈنگىچە ئارقىمۇئارقا قېمىز ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئۇ ۋاقىت ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى. قازاق خەلقى قاسىمخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىشلاقلىرىغا يۈزلەندى. قاسىمخان: «ھازىرچە شەيبانىيلارنىڭ ئۈستىگە بېرىشىمىز مۇشكۈلدۇر. چۈنكى، سەھرا خەلقى بۇ كۈنلەردە قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلمىسا بولمايدۇ. بۇ كۈنلەردە لەشكەر تارتقىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق.» دەپ تاشكەند ئۈستىگە بېرىشقا ئۆزرە ئېيتتى. ئەمما، خانغا تولا ئادىمگەرچىلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن قايتىشقا ئىجازەت بېرىپ، ئۆزى كۆچۈپ ئەسلىي ئورنىغا قاراپ كەتتى. خان قاسىمخاندىن ناھايىتى رازى ۋە خۇشال بولغان ھالدا كۈز ۋاقتىدا ئەندىجانغا قايتىپ كەلدى. خاننىڭ خىزمىتىدىكى پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بىرى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، «قازاق» دېگەن سۆزنى تارىخ قىلىپ تاپتى.

## ھەزرىتى مەۋلانا قازى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

بىلىش كېرەككى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، شاھ ئىسمائىل شاھىبېگخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بابىر پادىشاھ سەمەرقەندنى ئالغان زاماندا، ھەزرىتى مەۋلانا قازى — ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە جەننەتلەر نېسىپ بولغاي — سەمەرقەندتىن ئەندىجانغا كەلگەنىدى. ئەمدى مەۋلانانىڭ ئەھۋالى زىكىر قىلىنىدۇ. ھەزرىتى مەۋلانا پەرغانە ۋىلايىتىدە ئىدى. ئەمىرلەردىن ھەرقايسىسى ئۇ زاتنىڭ خىزمەتلىرىگە بېرىپ، شەرەپلىك سۆھبەتلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن بەھرىمەن بولاتتى. پېقىر مۇھەممەدھەيدەر ھەمىشە ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇبارەك خىزمەتلىرىنى ئۆزۈمگە لازىم تۇتۇپ كەلگەنىدىم. ھەزرىتى مەۋلانانىڭ رەھمەت نەزەرلىرى پېقىرنىڭ بالىلىق ۋاقتىمدا، ئۆرەتۆپەدە كېسەل بولغان چېغىمدا ۋە بۇخارادىن قاچقان ۋاقتىمدا بېشىمغا سايە سېلىپ، چوڭ - چوڭ بالا - قازالاردىن خالاس بولغانىدىم. بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى. بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە ھەزرىتى مەۋلانا پېقىرنى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق مەرھەمەت نەزەرلىرى بىلەن ئەزىز ۋە مۆھتەرەم قىلدى.

www.uyghurkitap.com



ھەزرىتى مەۋلانادىن ئاجايىپ - غارايىپ ئەھۋاللار ۋە مۆجىزىلىك كارامەتلەر كۆرۈلۈپ تۇراتتى. شۇ جۈملىدىن بىرى شۇكى، ئاتامنىڭ مۇلازىملىرىدىن سەيىدىم كۆكەلداش ئاتلىق بىر مۇرىتى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مەۋلانانىڭ شەرەپلىك خىزمەتلىرىگە بېرىپتۇ. ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭ چېھرىلىرىدىن غەم ئىزنالىرىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سوراپتۇ. سەيىدىم ئەھۋالنى بايان قىلىپ: «مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ھىساردىن خاننىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئېلىپ، كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش نىيىتىدە كېلىپتۇ. ئەمما، ئەمىرلەر بۇ نىكاھنىڭ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقى ئۈچۈن سايى - سەۋەب قىلىشىپتۇ، خاننىڭ ھەممە ئەمىرلىرىنىڭ پىكرىگە خىلاپلىق قىلىشى مۈشكۈلدۇر. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلۈم مالال ۋە پەرىشان بولۇۋاتىدۇ» دەپتۇ. ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭغا: «مېنىڭ قارىشىمچە بۇ نىكاھنى پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى قارار قىلغاندۇر. ئەمىرلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى سايى - سەۋەبلىرى ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. بۇ نىكاھ ئەلۋەتتە ۋۇجۇدقا چىققۇسىدۇر» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سەيىدىم كۆكەلداش ھەزرىتى مەۋلانادىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال كېلىپ ماڭا بايان قىلىپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ ۋەقە خاننىڭ قازاقلار تەرەپكە كەتكەن كۈنلىرىدە بولغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خان يېتىپ كەلدى - دە، پېقىرنى ھەزرىتى مەۋلانا بېشارەت بەرگەن ئاشۇ بەخت دۆلەتكە يەتكۈزۈپ، زامانداشلىرىم ئارىسىدا ئەزىز ۋە يېگانە قىلدى. تارىخقا توققۇزيۈز ئونتوققۇز[1] بولغاندا، بۇ پېقىرنى كۆرەگانلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلدى.

بۇ ئەھۋالنىڭ بەزى جايلىرى بۇ ھېكايەت بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ تۆت قىزى بار ئىدى. ئۈچىنچى قىزى مۇھىببە سۇلتان خانىم ئىدى. ئۇنى سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇدخان بېقىۋالغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئاخسىغا كېلىپ، شاھىبېگخاننىڭ ھۆكمى بىلەن شېھىدلىك شەربىتىنى ئىچتى. مۇھىببە سۇلتان خانىم سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قىزى قۇتۇق خانىمنىڭ قېشىدا قالغانىدى. تاشكەندنىڭ ۋەيرانچىلىقى ۋاقتىدا، قۇتۇق خانىمنى جانىبېك سۇلتانغا بەرگەنىدى. تاغام قارشىلىق قىلىپ جانىبېك سۇلتاننى پەرغانە ۋىلايىتىدىن قوغلاپ چىقاردى. مۇھىببە سۇلتان خانىم قۇتۇق خانىمدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. خان ئەندىجانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ خان بىلەن كۆرۈشكەنىدى. خان تۆت ھەمشىرىسى ئىچىدە مۇشۇ مۇھىببە سۇلتان خانىمغا بەكرەك ئامراق ئىدى. ئۇنى تولىمۇ ئەزىز ۋە مۆكەررەم تۇتاتتى. نەچچە مۇددەتكىچە ئايرىلىپ يەنە كۆرۈشۈپ بىر يەردە بولغاندىن تارتىپ، خان مۇھىببە سۇلتان خانىمغا ھەددىدىن زىيادە ۋە ھېسابتىن تاشقىرى مېھىر - شەپقەت ۋە ئىززەت - ئېكرام قىلاتتى. ئۇنى پېقىرغا نىكاھلاپ بەرگەندە، شۇنداق ئالىي توي ۋە مەرىكە بولدىكى، كىشىلەر ئۇنى نەچچە مۇددەتلەرگىچە ئەسلىشىپ يۈردى.

خان شۇ يىلى قىشتا، ئاخسىغا تەۋە پىشخەران دېگەن يەردە قىشلىدى. قىش ئوتتۇرىسىدا ئاخسىنىڭ ھاكىمى مىرغورى بارلاس كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. خان پىشخەراندىن ئاخسىغا كېلىپ قىشنى چىقاردى. مىرئەييۇپ موغۇللار ئۇبەيدۇللاخاندىن زەربە يېگەن ۋاقىتتىن تارتىپ ھىساردا ئىدى. شۇ يىلى باھار پەسلىدە خان ئاخسىنى مىرئەييۇپ بەگچەككە بەردى. مۇشۇ ئەسنادا ئۆزبېكلەرنىڭ يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى.

ئۆزبېكلەرنىڭ بۇ قېتىم كېلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، ئالدىنقى يىلىدا قاسىمخان

① ھىجرىيە 919 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1513 - 1514 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

كېلىپ قايتقانىدى. شۇ يىل ياز چىققۇچە قاسىمخاندىن قورقۇپ، ئۆزبېكلەر ھېچ تەرەپكە قارىيالماي، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. قىش كىرگەندىن كېيىن ئۆزبېكلەرگە شاھ ئىسمائىلنىڭ ئەندىشىسى كۆچەيدى. چۈنكى، جەيھۇن دەرياسىنىڭ سۈيى ئازلىغان ۋاقتىدا مىرنەجمىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، شاھ ئىسمائىلنىڭ توساتتىن كېلىپ قېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۆزبېكلەر بۇ قىشنى شۇ ۋەھىمە بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇ سەۋەبتىن خان بۇ بىر يىلدا ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان بولدى. شاھ ئىسمائىل ئىراققا يېنىپ كەتكەندە، قاسىمخانمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئورنىغا ياندى. بابىر پادىشاھمۇ كابۇلغا قاچتى. ئۆزبېك شەيبانىنىڭ خان بىلەن جەڭ قىلىش ۋە ئەندىجانغا ھۇجۇم قوللىرىنى ئۈزىتىشتىن باشقا خىياللىرى قالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، باش باھار ۋاقتىدا ئۆزبېكلەر پۈتكۈل قوشۇنى بىلەن ھېچبىر ۋەھىمە ۋە ئەندىشىسىز ھالدا ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر خانغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، پەرغانە ۋىلايىتىنى تاشلاپ، قەشقەرگە كەتتى. بۇ ۋەقە پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

## شاھ ئىسمائىلنىڭ ئاخىرقى ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى، شاھ ئىسمائىل ئىراقتىن كېلىپ، مەرۋى شاھىجاھاندا شاھىبېكخاننى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا، ھەممە ئەتراپتىكى پادىشاھلار شاھ ئىسمائىلنىڭ ھەيۋىتىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ چۆچۈشتى. ئۇنىڭ سىياسىتى بىلەن ۋە كىچىككىنە ياردەم ئەۋەتىشى بىلەن بابىر پادىشاھ ھەمزە سۇلتان بىلەن جەڭ قىلىپ، غەلىبە ۋە نۇسرەت تاپتى. ئاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ داڭقى ھەم سىياسىتىنىڭ شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تولدى. بۇ سەۋەبتىن بابىر پادىشاھ بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى شۇنچە ئاسانلا قولغا كىرگۈزدى. بابىر پادىشاھ سەمەرقەندتىن چىققان ۋاقتىدا، شاھ ئىسمائىل مىرنەجمنى 60 مىڭ كىشى بىلەن كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار غىجدۇۋاندا ئۆزبېكلەر بىلەن جەڭ قىلدى. جەڭدە پادىشاھ يېڭىلىپ، مىرنەجم ئۆلۈپ، نۇرغۇن ئەسلىھە ۋە قورال - ياراغلار نابۇت بولدى. بۇ سەۋەبتىن ئۆزبېكلەر شاھ ئىسمائىل مىرنەجمنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماۋەرائۇننەھرگە كېلىدۇ دەپ ناھايىتى كۆپ ئەندىشىدە ئىدى. ئۆزبېكلەر تاكى بىر يىلغىچە بۇ ئەندىشە بىلەن ھېچ تەرەپكە ھۇجۇم قىلالمىدى.

بۇ كۈنلەردە رۇم پادىشاھى سۇلتان سەلىم شاھ ئىسمائىل ئۈستىگە نەچچە لەك لەشكەر بىلەن كەلگەنىدى، شۇڭا شاھ ئىسمائىل ئىراققا يېنىپ بارغانىدى. شاھ ئىسمائىل 30 مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ، سۇلتان سەلىم بىلەن ناھايىتى قاتتىق جەڭ قىلدى. جەڭدە شاھ ئىسمائىل ئۆزى ئالتە كىشى بىلەن قۇتۇلۇپ قاچتى. قالغان لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى رۇملۇقلارنىڭ قولىدا پۈتۈنلەي يوقالدى. سۇلتان سەلىممۇ ئۇنىڭدىن زىيادە ھۇجۇم قىلماي رۇمغا يېنىپ كەتتى. شاھ ئىسمائىل يېڭىلىپ ئىراقتا قالدى. ئاز پۇرسەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمجىنسلىرى بولغان نەمرۇد ۋە فىرئەۋنلەرگە قوشۇلۇپ، ئەسفەلىس - سافىلىن ناملىق دوزاختا تۇتقۇن بولدى. شاھ ئىسمائىلنىڭ ئورنىدا ئوغلى شاھ توھماس ئىراققا پادىشاھ بولدى. ئۇمۇ نەچچە نۆۋەت رۇملۇق لەشكىرى ئىسلامنىڭ قولىدىن زەربە يېدى. ئاندىن كېيىن رۇملۇقلاردىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ باتىل مەزھەپلىرىنى كۈچەيتىشكە ئارتۇقچە تىرىشچانلىق كۆرسىتەلمىدى ۋە ئاتىسىنىڭ ناچار ئادەتلىرىگە ئاتىسىدەك دىققەت قىلالمىدى. نەزم:

*نىجىسىدىن باش ئالماس جەۋاھىرچى گويى،*
*كى ئانىرامچىدۇر قىسقە، تارتار قويى.*

تاكى بۈگۈنگىچە شاھ تەھماس ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئىراق زېمىنىغا پادىشاھتۇر.

## شەيبانىي خانلىرىنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە ماۋەرائۇننەھردە بىر ـ بىرلىرىدىن كېيىن سەلتەنەت تۇتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ زىكرى

ۋاقتىكى، ئۆزبېك شەيبان سۇلتانلىرى مىرنەجمنى ئۆلتۈرۈپ، تۈركمەنلەر ۋە پادىشاھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. بۇ ۋەقە تارىخقا توققۇزيۈز ئون‌سەككىزدە قىشنىڭ باشلىرىدا[1] يۈز بەرگەنىدى. شۇ يىلىنىڭ باھار ۋاقتىدىمۇ[2] شاھ ئىسمائىلنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن كېلىشىدىن ۋە قاسىمخاننىڭ كېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزبېكلەر ھېچ تەرەپكە چىقالمىدى. تارىخقا توققۇزيۈز ئون‌توققۇز قىش ۋاقتىدا[3] شاھ ئىسمائىل سۇلتان سەلىمنىڭ كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىراققا كەتتى. قاسىمخان ئۆز مەملىكىتىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ئۇبىيرە سۇبەيرەگە كەتتى. بۇ ئىككى چوڭ دۈشمەندىن خاتىرجەم بولغان ئۆزبېك شەيبانىيلىرى ھەممە ۋەھىمىدىن ئازاد بولدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، [ئۇبەيدۇللا]خان ھىسارغا بېرىپ مۇغۇللارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلدى.

تارىخقا توققۇزيۈز يىگىرمە، باھار پەسلىدە[4] شەيبانىيلار ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. خان ئەندىجاندا تۇرۇپ، ئۆزبېكلەر بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئىستىقبال ئەينىكىگە مالاللىق ۋە مۈشكۈلچىلىك توزانلىرىنى قوندۇرۇشتىن باشقا پايدا يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. شەيبانىيلارغا تاقابىل تۇرغىدەك‌قۇدرىتى بارلاردىن ۋە شەيبانىيلار چېگرىسى ئىچىدە شەيبانىيلارغا ھۇجۇم قىلغانلاردىن بىرى بابىر پادىشاھ ئىدى. ئۇمۇ نائۇمىدلىك ئايغىنى مەيۈسلۈك ئۆزەڭگۈسىگە قويۇپ كابۇلغا كەتتى. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى شەيبانىيلار يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەندىجاننى تاشلاپ بېرىپ قەشقەرگە كېتەيلى، دېيىشتى. بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلۇپ قارار چىقىرىلدى. خان موغۇلىستان يولى بىلەن قەشقەر تەرەپكە بەدەر كەتتى. پەرغانە ۋىلايىتى ھەم ماۋەرائۇننەھر بىلەن قوشۇلۇپ شەيباننىڭ تەسەررۇپىغا كىردى. كۆچكۈنچى خان ھەممە سۇلتانلاردىن ياشتا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، خانلىق مەرتىۋىسى قەدىمىي ئادەت بويىچە، كۆچكۈنچى خانغا قارار تاپتى. ۋەلىئەھدلىك ھېسابلىنىدىغان قائالغەلىك مەرتىۋىسى سۆيۈنچەك خانغا قارار تاپتى. ئەمما، سۆيۈنچەكخان كۆچكۈنچى خاندىن ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا جانىبېك سۇلتان قائالغە بولدى. ئۇمۇ سۆيۈنچەك سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن، ئاخىرەت يولىغا كىردى. بۇلاردىن كېيىن كۆچكۈنچى خانمۇ ئۆلۈم سەپىرىگە راۋان بولدى. خانلىق تەختى كۆچكۈنچى خاننىڭ ئوغلى ئەبۇسەئىدخانغا تەۋە بولدى. نەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن، ئۇمۇ كەتكەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ، خانلىق تەختىنى بوش قالدۇردى. شۇ

---

① ھىجرىيە 918 ـ يىلى قىشنىڭ باشلىرى مىلادىيىنىڭ 1512 ـ يىلى 12 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.
② بۇ ۋاقىت مىلادىيە 1513 ـ يىلى 3 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.
③ ھىجرىيە 919 ـ يىلى قىش ۋاقتى مىلادىيە 1513 ـ يىلى 12 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.
④ ھىجرىيە 920 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلى مىلادىيە 1514 ـ يىلى 3 ـ 4 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

ۋاقتىدا ئۇبەيدۇللاخان خانلىق تەختىدە ئورۇن ئالدى. گەرچە تارىختا توققۇزيۈز ئونبىر[1] بولغان ۋاقتىدىن باشلاپ، تاكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خانلارنىڭ ئاخىرىدىكىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇبەيدۇللاخان ھەممە خانلارنىڭ ئىشلىرىغا باش بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خانلىق مەرتىۋىسىنى كۆڭلى خالىمايتتى. ئەگەر ئۇبەيدۇللاخان خان بولۇشنى خالىغان بولسا ئىدى، ئىنساپ شۇ ئىدىكى، ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى تۇرمىغان بولاتتى. ئۇبەيدۇللاخان قەدىمىي قائىدىگە رىئايە قىلىپ، سۇلتانلار ئىچىدىن قايسىسى ياشتا چوڭ بولسا، شۇنى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئىتائەتكارلىق ئورنىدا تۇرغانىدى. ئەبۇسەئىدخاندىن كېيىن ئۇبەيدۇللاخاندىن ياشتا چوڭ كىشى قالمىدى. شۇڭا، ئۇبەيدۇللاخان ئاشۇ ۋاقىتتىلا ئاندىن خانلىق تەختىدە ئورۇنلاشتى. ئۇ شۇنداق ھۆكۈمە-رانلىق قىلدىكى، ئادالەت ۋە ئېھسان شامالىلىرىدىن ئالەمنىڭ دىماغلىرى ئىپار ھىدلىرىغا تولدى. ئۇ تارىختا توققۇزيۈز قىرىق ئالتە[2] پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كۆچتى — ئۇنىڭ ھۆججەتلىرى نۇرلۇق بولغاي ۋە ئورنى جەننەتتە بولغاي.

پېقىرنىڭ كۈچلۈك گۇمانىم شۇكى، بۇ يۈز يىلنىڭ ئىچىدە پۈتكۈل جاھاندا ئۆتكەن خانلار ۋە پادىشاھلار ئىچىدە بەزىلىرىنى كۆردۈم، بەزىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى نەقلەن ئىشىتتىم. ئەمما، ئۇبەيدۇللاخاندەك پادىشاھنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولسام كېرەك. چۈنكى، ئۇبەيدۇللاخان شۇنداق پادىشاھ ئىدىكى، كامىل مۇسۇلمان، تەقۋادار، پەرھىزكار ئىدى. دىن، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مۈلكىي، ھەربىي ۋە پۇقرالار ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي شەرەپلىك شەرىئەت قانۇنى بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. مۇبارەك شەرىئەت ھۆكمىدىن، قىلچە-لىك تاشقىرىغا چىقىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. شىجائەت جاڭگاھلىدا شىرلارنى ئوۋلىغۇچىدەك ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى قوللىرى ساخاۋەت دەرياسىنىڭ گۆھەر چاچقۇچى سەدەپلىرىدەك ئىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك سۈپەتلەرگە ئىگە ۋۇجۇدى تۈرلۈك پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى. خەتنى يەتتە خىل نۇسخىدا ياخشى يازاتتى. بۇ يەتتە تۈرلۈك خەتنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن راست نۇسخا خېتى چىرايلىق ئىدى. ئۆز قولى بىلەن نەچچە «كەلامۇللاھ» (قۇرئان) نى كۆچۈرۈپ، تەڭرى تائالانىڭ شەرەپلىك جايى بولغان ھەرەم شېرىپكە ئېھتىرام بىلەن ئەۋەتتى. نەسختەئلىق خېتىنىمۇ ناھايىتى ياخشى يازاتتى. تۈركىي، ئەرەبىي ۋە پارسىي تىلدا شېئىرنى ئىنتايىن گۈزەل ئېيتاتتى، شۇنىڭدەك دىۋانىمۇ بار. مۇزىكا ئىلمىدە دۇتارنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ھازىرغىچە مۇزىكا ئەھلى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ئاھاڭلىرى-نىڭ كۆپىنچىسى بار. دېمەك، ئۇ پۈتكۈل ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە جەملىگەن پادىشاھ ئىدى. ئۇ ھايات بولغان مۇددەت ئىچىدە پايتەخت بۇخاراغا ئالىملار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى شۇ دەرىجىدە يىغىلدىكى، خالايىق بۇ دەۋردىكى بۇخارانى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئەسرىدىكى ھىرات بىلەن باراۋەر دەپ قارايتتى. بابىر پادىشاھ سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇبەيدۇللاخاندىن ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇڭا، ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئەسلىملىرىنى ئۇلاردىن كېيىن بايان قىلىش لازىم ئىدى. ئەمما، پادىشاھنىڭ ھەم خاننىڭ ھېكايەتلىرى ئۇزۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېك ھېكايەتلىرىنىڭ ئۇ ھېكايەتلەر بىلەن چېتىشلىقى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇبەي-دۇللاخاننىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىدىن كېيىن بايان قىلساق، ھېكايە چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئۆزبېك شەيبانىيلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تاكى ئۇبەيدۇللاخانغىچە ئىخچام ھالەتتە بايان قىلدۇق. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ كىتابتا ئۆزبېك ھېكايىتى بايان قىلىن-مىغۇسى — تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

⑤ھىجرىيە 946 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1539 - 1540 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
①ھىجرىيە 1946 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1539 - 1540 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى ياكى جەۋانمەردلىك تەرىقەتى (مەردانىلىك يوسۇنلىرى)①

## مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشفى

### تۆتىنچى باب

*خىرقە ۋە ئەھلى پىقىرنىڭ كىيىملىرى، ئۇنى كىيىش، كىيدۈرۈش ۋە مۇرىتلارغا خىرقە بېرىش ۋە بۇنىڭ شەرتلىرى، ئەدەپ - ئەركانى بايانىدا.*

### بىرىنچى پەسىل   خىرقە ھەققىدە

بىلگىنكى، دەرۋىشلەرنىڭ شوئارى مەرقەئ②ۋە خىرقە كىيىشتۇر. ئەگەر خىرقىنىڭ مەنىسى نېمىدۇر؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى: بۇنىڭ سۆزلۈك مەنىسى تونىنىڭ پارچە قىسىملىرى، يەنى ياماق، قۇراقلاردۇر. ئەمما، ئىستىلاھتا بولسا، پىقىر ئەھلى كىيىدىغان ياماقلىرى ۋە يىرتىقلىرى بار تونغا ئېيتىلىدۇ. كۆپ قىسىم دەرۋىشلەرنىڭ تونى يىرتىق ۋە كونا، بەزىدە ئۇ تۈرلۈك ماتالارنىڭ پارچىلىرىدىن قۇراشتۇرۇپ ياماپ تىكىلگەنلىكتىن خىرقە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر خىرقە دېگەن سۆز قەيەردىن كېلىپ چىققان؟ دەپ سورىسا، «خەرىق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دەپ ئېيتقىن. «خەرىق» ئەرەب تىلىدا پارچىلاش دېمەكتۇر، بەس. خىرقە كىيگەن كىشى بارلىق دۇنياۋى ئالاقە يىپلىرىنى (ئۈزسۇن)، تاكى ئۇ خىرقە كىيىشكە مۇناسىپ ئادەم بولغاي. يەنە شۇنداقمۇ دېيىش كېرەككى، بۇ نام «خەرق» سۆزىدىن ئېلىنغان ۋە «خەرق» بولسا كەڭ كەتكەن سەھرادۇر، يەنى بۇنداق تونىنى كىيگەن كىشى ئىشقىنىڭ پايانسىز سەھراسىغا سۈلۈك سېلىپ، مۇجاھىدەت باياۋانىنى رىيازەت قەدىمى بىلەن بېسىپ ئۆتىدۇ ۋە يەنە «خىرق» سۆزىدىن ئېلىنغان ھەم دېيىشىدۇ، چۈنكى «خىرق» دەپ ئۇلۇغۋار، سېخىي ئەرگە ئېيتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، خىرقە كىيگەن ئادەم ئۆزىنى ئۇلۇغۋار، ئالىيجاناب تۇتسۇن، يەنى تەمەنىڭ شۇملۇقىغا ئالدىنىپ، خار بولمىسۇن؛ يەنە بەزىلەر بۇ نامنى «خىرقە» دىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ ۋە بۇ قۇلاقنىڭ تېشىلىدىغان ۋە سىرغا ئېسىلىدىغان جايىدۇر. دېمەك، خىرقە كىيگەن ئادەم يارەنلەرنىڭ تامغىلىق (ھالقا تاقىغان) قۇلى بولسۇن، يەنى نېمىنى بۇيرۇسا، قەلب قۇلىقى بىلەن ئىشىتسۇن. يەنە شۇنداق دېيىشىدۇكى، خىرقە ئۆيىنىڭ روجىكى ۋە بۇ شۇنىڭغا ئىشارەكى، خىرقە كىيگەن كىشى كۆڭۈل

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

② مەرقەئ: دەرۋىش، سوپىلارنىڭ تونى.

ئۆيىدىن روجەك ئېچىپ، ئۇ يەردىن دوستلار بېغىغا قارىسۇن ۋە بۇ باغ گۈلشەنىدىن تارىغان يېقىملىق شامال ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ، روھىنى يايراتسۇن.

## ئىككىنچى پەسىل

### خىرقە كىيىش بايانىدا

ئەگەر خىرقە كىيىش كىمدىن مىراس قالغان ۋە دەسلەپ خىرقە كىيگەن ئادەم كىم؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، سىرتتىن قارىغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن (خىرقىلىق) ھەزرىتى ئادەم ئىدى ...

## ئۈچىنچى پەسىل

### خىرقە كىيىش شەرتلىرى ھەققىدە

ئەگەر، مۇرىتلارغا خىرقە كىيدۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، بۇلار مۇنۇ ئۈچ پايدىدىن خالىي بولماس. ئەۋۋەل شۇكى، مۇرىتنىڭ زاھىرى — تاشقى كۆرۈنۈشى شەيخنىڭ لىباسى بىلەن بېزەنسە، ھەرھالدا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەلبى، ئىچكى دۇنياسى ھەم كامىللىق سۈپەتلىرىگە يېتەكلىگۈچى تەقۋا لىباسى بىلەن زىننەتلىنىشكە باشلايدۇ. ئىككىنچىدىن، شەيخ قولىنىڭ بەرىكىتى مۇرىت ۋۇجۇدىغا يېتىدۇ ۋە ئۈمىد شۇكى، بۇ ئىكسىر[1] بىلەن ئۇنىڭ مىس ۋۇجۇدى ساپ ئالتۇنغا ئايلانغاي:

*قەترە دېڭىزغا چۈشۈپ گەۋھەر بولۇر،*
*مىس ئىكسىر تەسىرىدىن زەر بولۇر.*
*كىمكى مەنادىن خەۋەردار بولدى، بىل،*
*پىر نىگاھى قەلبىنى ئەھكەر قىلۇر.*

ئۈچىنچىدىن، خىرقە شەيخ بىلەن مۇرىت ئارىسىدىكى ئالاقىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئەگەر، پىر مۇرىتقا قاچان خىرقە كىيدۈرىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: مۇرىت ئىرادەت (تەرىقەت) يولىغا قەدەم قويغاندا ۋە قەلبىنىڭ بارىنى ئامانەت ساندۇقىغا تاپشۇرغاندا، يەنى ئىشەنچ ئىختىيارىنى پىر قولىغا بەرگەندە، كامىل پىر پېقىر خىرقىسىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز تائىپىسىگە قوبۇل قىلىدۇ (ئۆز رەڭگى بىلەن بويايدۇ).

ئەگەر خىرقە كىيىشتىن ئاساسىي مەقسەت نېمە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: ئاساسىي مەقسەت ۋە ئەسلىي مۇددىئا شۇكى، خىرقە ئاشنىلىق (بۇرادەرلىك) تونىدۇر، بەس. ئۇنى كىيگەن (ئادەم) ياتلارنىڭ پەيلىدە يۈرمەسلىكى ۋە ئەگەر يۈرسە، ئۆزىنى پېقىر ئاشنىلىقتىن يات ھېسابلىشى كېرەك.

---

① ئىكسىر: ئوتتۇرا ئەسىر كېمياگەرلىرى تەسەۋۋۇرىدىكى ھەممە نەرسىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان ئەپسانىۋى تاش.

www.uyghurkitap.com

*ئەي پېقىر خىرقەسىنى كىيگەن دوست،*
*پېقىر يولىدا قوي قەدەم دورۇست.*
*ئازار بەرمە ھېچ مەخلۇققا سەن،*
*ئازار گۇناھ خىرقەپوش ئۈچۈن،*
*كىمخاپ كىيگەن خۇنرېزلار[1] ھەتتا،*
*ئازار بەرگەن دەرۋىشتىن ئەلا.*

ئەگەر خىرقە كىيىشنىڭ ئەدەپى نەچچە؟ دەپ سورىسا، تۆت دەپ ئېيت. ئەۋۋەل، خىرقىنى قابىلىيەتلىك مۇرىتقا كىيگۈزۈش، ئىككىنچىدىن، مۇرىتنى خىرقە كىيىش شەرتلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، تەكبىر («ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىش) ۋە تەھلىل («لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېيىش) يۈرگۈزۈش؛ تۆتىنچىدىن، ئۆتكەن پىرلار ۋە ئەجدادلار روھىنى خاتىرىلەش. ئەگەر خىرقە كىيىش رۇكىنلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئىككى، دەپ ئېيت: ئەۋۋەل شۇكى، خىرقە كىيدۈرىدىغان كىشى ئۆزى ئەدەپ ئىلمىنى بىلىدىغان ئالىم بولسۇنكى، مۇرىتنىڭ ھەرقانداق سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇنى ھەل قىلالىسۇن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ پىر قولىدىن خىرقە كىيگەن بولسۇنكى، ئۆزىمۇ باشقىلارغا خىرقە كىيدۈرەلىسۇن.

ئەگەر خىرقە كىيىش شەرتلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئۈچ دەپ ئېيت: ئاۋۋال، خىرقىنى پاكلاش، يۇيۇپ تازىلاش؛ ئىككىنچىدىن، خىرقىنىڭ ھالال كىرىمدىن تىكىلگەنلىكىنى ئېنىقلاش؛ ئۈچىنچىدىن، بىدئەت يولدىن خىرقىنى ئاسراش.

ئەگەر خىرقە كىيىش قائىدىلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئۈچ دەپ ئېيت: ئاۋۋال، (خىرقە كىيگۈچى) پېقىرلىق ئالامىتى ۋە پېقىرلەر ئاشىنىلىقىنى بىلسۇن؛ ئىككىنچىدىن، خىرقىنى گادايلىق (تىلەمچىلىك) ۋاستىسى ۋە رىيا دامىغا ئايلاندۇرمىسۇن؛ ئۈچىنچىدىن، دەۋانى ئاخىرىغا يەتكۈزسۇن، يەنى مەقسىتىنى بويلاپ توختىماي ئىنتىلسۇن.

ئەگەر خىرقە كىيىش ئەدەپى نەچچە؟ دەپ سورىسا، تۆت دەپ ئېيت: بىرىنچىدىن، مۇرىت پاك بولسۇن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ خىرقە كىيگەندىن كېيىن، چەرخ ئورۇپ ئايلانسۇن؛ ئۈچىنچىدىن، خىرقىنى سالغاندا ھۆرمەت بىلەن پاكىزە جايدا ساقلىسۇن؛ تۆتىنچىدىن، ئەگەر خىرقە كونىرىسا، تەۋەررۈك يۈزىسىدىن ئۇنى ياماپ يۇرسۇن ۋە بىردىنلا يارامسىز بولۇپ قېلىشقا يول قويۇلمىسۇن. ئەگەر چەرخ ئورۇپ ئايلىنىشقا مۇنازىرە نېمە ۋە بۇ نېمە مەنىنى بېرىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى:

*كىمكى سېنىڭ ئىشقىڭ دائىرەسىدە ساھىب ئېرۇر،*
*پەرگار[2] مىسال ئايلىنىشتىن ئۆزگە ئىلاجى يوق.*

ئەگەر خىرقىنىڭ ئىمانى نېمە؟ دەپ سورىسا، سەتتارلىق دەپ ئېيتقىن. ئەگەر خىرقەنىڭ ئېھسانى نېمە؟ دەپ سورىسا، راستچىللىق دەپ ئېيتقىن. ئەگەر خىرقە تەرىقەتى نېمە؟

---

① خۇنرېز: قان تۆككۈچى، قانخور، زالىم، رەھىمسىز.
② پەرگار: سىركۇل.

دەپ سورىسا، غەيردىن بىگانىلىق، دەپ ئېيت.

ئەگەر خىرقىنىڭ سىرى نېمە؟ دەپ سورىسا، پۈتكۈل ئىرادەتنى خۇدا يولىغا سەرپ ئېتمىش، دەپ ئېيت، ئەگەر خىرقىنىڭ جېنى نېمە؟ دەپ سورىسا، ئۈزۈلمەس مۇھەببەت، دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ پەزىلىتى نېمە؟ دەپ سورىسا، ھاۋايى ھەۋەسنى تەرك ئېيتمىش، دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ پەرزى نېمە؟ دەپ سورىسا، پىرلەر سۆھبىتى، دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقە سۈننىتى نېمە؟ دەپ سورىسا، مەردلەر خىزمىتى، دەپ ئېيت.

ئەگەر خىرقىنىڭ ئاچقۇچى نېمە؟ دەپ سورىسا، تەكبىر ۋە تەھلىل، دەپ ئېيت.

ئەگەر خىرقە ياقىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، سىرنى ساقلاش، دەپ ئېيت؛ ئەگەر خىرقىنىڭ يېڭى نېمە؟ دەپ سورىسا، قول قىسقىلىقى دەپ ئېيت؛ ئەگەر خىرقىنىڭ ئېتىكى نېمە؟ دەپ سورىسا، دۈشمەن گۇناھىنى كەچۈرۈش، دەپ ئېيت؛ ئەگەر خىرقىنىڭ ئىچى نېمە؟ دەپ سورىسا، سەۋر دەپ ئېيت، ئەگەر خىرقىنىڭ تېنى نېمە؟ دەپ سورىسا، ۋاپا دەپ ئېيت.

ئەگەر خىرقىنىڭ دىلى نېمە؟ دەپ سورىسا، شۈكرى ۋە ساداقەت، دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ ئاسمىنى نېمە؟ دەپ سورىسا، پىرنىڭ قولى دەپ جاۋاب بەر؛ ئەگەر خىرقىنىڭ يېرى نېمە؟ دەپ سورىسا، پېقىرنىڭ تېنى، دەپ ئېيت.

ئەگەر خىرقىنىڭ بايلىقى نېمە دەپ سورىسا، ئەدەپ ۋە ھۆرمەت، دەپ ئېيت.

ئەگەر خىرقىنىڭ نامى نېمە؟ دەپ سورىسا، ھايا، دەپ ئېيت، ئەگەر خىرقىنىڭ كامى (مەقسىتى) نېمە؟ دەپ سورىسا، خوشنۇدلۇق دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ ئەسلى نېمە؟ دەپ سورىسا، يامان كۆرۈشنى ئۇنتۇش، دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ غۇسلى (تاھارىتى) نېمە؟ دەپ سورىسا، تەرك ئېيتمىش، دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ نامىزى نېمە؟ دەپ سورىسا، پاكلىق، دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ يەمىنى (ئوڭ تەرىپى) نېمە؟ دەپ سورىسا، تەۋەككۈل دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ يەسارى (چەپ تەرىپى) نېمە؟ دەپ سورىسا، ئېغىشماسلىق ۋە تەمكىنلىك دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ قىبلىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، پىرى كامىللىق دەپ ئېيت. ئەگەر خىرقىنىڭ كامالى نېمە؟ دەپ سورىسا، پاك ئەقىدە، دەپ ئېيت.

ئەگەر خىرقىنىڭ ئەھكامى نەچچە؟ دەپ سورىسا، ئالتە، دەپ ئېيت: بىرىنچىسى، تەۋبە؛ ئىككىنچىسى، ساخاۋەت؛ ئۈچىنچىسى، قانائەت؛ تۆتىنچىسى، رىزا؛ بەشىنچىسى، رىيازەت؛ ئالتىنچىسى، خەۋپ بىلەن رەجا[1]نىڭ ئارىلىقىنى ساقلاش. خىرقەپوش[2] شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۆز ئىشىدا يېتۈك ئەمەستۇر. ئەگەر خىرقىنىڭ تۆت بۇرچى قايسىدۇر؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: ئەۋۋەل رىزا، ئىككىنچىسى فەنا، ئۈچىنچىسى سەپا، تۆتىنچىسى ۋاپا.

ئەگەر خىرقىنىڭ ھەرپلىرى نېمىگە ئىشارە قىلىنىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: «خىر-قە» (خىرقە) سۆزى تۆت ھەرپتىن ئىبارەت ۋە ھەربىر ھەرپىنىڭ ئۈچ مەنىسى بار. ھەممىسى بولۇپ، ئون ئىككى مەنە كېلىپ چىقىدۇ، خ — خەيرخاھلىقتا ۋەكىللىق قىلىدۇ، يەنى خىرقەپەرەس ئادەم ھەممىگە ياخشىلىق تىلەيدىغان بولسۇن. ر — خەلق راھىتىگە دالالەت، يەنى خىرقە كىيگەن كىشى ئۆزىنى خەلققە پىدا قىلسۇن ۋە خەلق راھىتى ئۈچۈن جاپا

① رەجا: ئۈمىد قىلىش، تىلەش.

② خىرقەپوش: خىرقە كىيگەن كىشى، دەرۋىش.

چېكىشتىن قاچىمسۇن، شۇنىڭدا ئۇ پېقىردىن كۆپ بەھرىمەن بولالايدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ھەرپ دوستلارنىڭ رەفىقۇ رەفىئەتى — ئۇلۇغلىنىش ۋە ھەمكارلىقتا ئىشارەدۇر، يەنى ھەممە بىلەن خۇش مۇئامىلە ۋە مېھرىبان بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنى رام قىلسۇن. ق — نەپسكە قەھرلىك بولۇش ئىشارىسىدۇر، يەنى خىرقە ئىگىسى نەپسى يىلانىنىڭ بېشىنى يەنچىسۇن، لېكىن ئۇزى سالامەت قالسۇن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرپ قوربىگە ھەم ئىشارەدۇر. چۈنكى، خىرقە كىيگەنلەر يامان ئىشلاردىن ئۇزاقلىشىپ، ھەق ئىشقا يېقىنلىششى لازىم. خىرقەپوش يەنە دىللارنىڭ قوبۇلىنى ئىزلەيدىغان ئادەم، ئۇ ھەممىگە مەقبۇل بولۇشقا ئىنتىلىشى كېرەك. ئەمما، «؟» ئەسلىدە خىرقە سۆزىدە «ە» ئورنىدا كېلىدۇكى، ئۇ «ئەز خۇد بىگرېزاد» (ئۆزۈڭدىن قاچ) ئىبارىسىگە ئىشارەدۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى، راستچىللىقتا، تەۋفىق ۋە تەھقىقتا ئىشارەدۇر ...

## تۆتىنچى پەسىل

### خىرقە رەڭلىرى بايانىدا

بىلگىنكى، خىرقىنىڭ رەڭلىرى خىلمۇخىلدۇر ۋە ھەربىرى بىر ھالەتكە ئىشارىدۇر. ئەگەر ئاق رەڭ قايسى تائىپەنىڭ؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بەرگىنكى، ئاق رەڭ قۇندۇزنىڭ رەڭگىدۇر ۋە دىلى روشەن جامائەنىڭكىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ كۆكسى گۇمان، گىنە ھەم غۇباردىن پاكتۇر. كىمكى ئاق رەڭلىك خىرقە كىيسە، سۇبھى سادىقتەك بولىدۇ ۋە كۇندۇز مىسالى ھەممىگە روشەنلىك بېغىشلايدۇ. ئەگەر يېشىل رەڭ كىمنىڭكى؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، يېشىل رەڭ كوكات ۋە سۇنىڭ رەڭگىدۇر ۋە بۇ رەڭدىكى خىرقىنى ئالىي ھىممەتلىكلەر ۋە كۆڭلى ھەمىشە تىرىك ئادەملەرلا كىيەلەيدۇ. يېشىل رەڭلىك تون كىيگەنلەر كوكات مايسىلار كەبى ياشنىغان، ئوچۇق چىراي ۋە شاد ـ خۇرام بولىدۇ ھەمدە سۇغا ئوخشاش ھاياتبەخش، يېقىملىق بولىدۇ:

*كۆز قارچۇقىدىن ئۆگەنمەك باكىنر،*
*ھەممىنى كۆرۇر، ئۆزىنى كۆرمەس.*

ئەگەر زەڭگەر رەڭ كىملەرگە يارىشىدۇ؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بەرگىنكى، زەڭگەررەڭ ئاسمان رەڭگىدۇر ۋە ئۇ سۈلۈكتە تەرەققىي قىلغان، ھالىتى كامالەتكە يەتكەن ئادەملەرگە يارىشىدۇ ... زەڭگەر رەڭلىك تون كىيگەن ئادەم قەدرى ئالى ھىممەتلىك بولمىقى لازىمدۇر. ئۇ ھەممە ئاجىزلارغا سايە تاشلاپ، كېچە ـ كۇندۇز ياخشىلىق قىلىشتىن توختىماسلىقى، چارچىماسلىقى لازىم. ئەگەر تۇپراق رەڭلىك توننى كىملەر كىيىدۇ؟ دەپ سورىسا، دېگىن: بۇ تون ياخشى ئەرلەر ئۈچۈندۇر. كىمكى ئەنە شۇ توپراق رەڭلىك توننى كىيسە، ئۇنىڭدا سەبىر ـ چىدام سۈپىتى مۇجەسسەمدۇر.

## بەشىنچى پەسىل

### پېقىر ئەھلىنىڭ خىرقىسى قانداق ماتا ـ رەختلەردىن تىكىلىشى لازىملىقى بايانىدا

بىلگىنكى، خىرقە تىكىش ئۈچۈن يىپەكتىن باشقا ھەممە رەخت ـ ماتالار بولۇۋېرىدۇ. ئەمما دەرۋىشكە يۇڭدىن تىكىلگەن خىرقە ياخشىدۇر. ئەگەر نېمىشقا پەشمىنە (يۇڭ كىيىم) ياخشىدۇر؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنىكى، كۆڭۈلدە ھالاۋەت، يەنى ئىلاھىي جامالىدىن ھۇزۇرلان-ماقنى ھېس قىلماق ئۈچۈندۇر.

ئەگەر خىرقە ئەسلىدە نەچچە خىل بولىدۇ؟ دەپ سورىسا، تۆت خىل دەپ ئېيت. بىرىنچى، يۇڭدىن، ئىككىنچى، پاختىدىن؛ ئۈچىنچى، پالازدىن؛ تۆتىنچى، تېرىدىن بولى-دۇ.

## ئالتىنچى پەسىل

### ھازىرقى زاماندا سوپىلار ۋە فۇتۇۋۋەت ئەھلىنىڭ كىيىدىغان لىباسلىرى بايانىدا

بۇ ئون تۆت خىلدۇر: مىڭ چەكلىك، تۆت چەكلىك، ئىككى چەكلىك ۋە يەلق، ئالەمدار، كۇرسىلىق، ياقىلىق، يېڭى چاپلىق، شۇشە، قاسمى، قۇرەيش، سەلىمىي، مەپتۇنىي، كېپىنەك. بۇلارنىڭ ھەربىرى تائىپىلارغا مەنسۇپتۇر.

## يەتتىنچى پەسىل

### پېقىرلار ھەققىدە

ئەگەر خىرقە كىيىشنىڭ نەچچە سۆپىتى بولۇشى كېرەك؟ دەپ سورىسا، تۆت دەپ ئېيت: ئالدى بىلەن شۆكى، نەپس ئىشكىنى تاقىسۇن، ئىككىنچىدىن، دىلىنى گىنە ۋە ئاداۋەتتىن پاك تۇتسۇن؛ ئۈچىنچىدىن، تەكەللۇپسىز (كەمتەرانە) ئۆمۈر كەچۈرسۇن؛ تۆتىنچىدىن، راھەت ۋە بىغەملىكنى تەرك ئەتسۇن،

*ئەيكى، كىيمىشسەم بولەم پەشمىنەنى،*
*پاك ئەيلە گىنەدىن سىينەنى!①*
*جەندە تون خاسىيەتىن ئاۋازە② قىل،*

① سىينە ـ كۆكس، كۆڭۈل، قەلب.
② ئاۋازە: يايماق، تاراتماق، داڭلىماق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



*نامدارلىق شۆھرەتتىن ھەم ئاسراغىل،*
*كەمتەرىن بول، زىبۇ زىننەت ئىزلەمە.*
*تەركى راھەت قىل، فاراغەت ئىزلەمە...*

## سەككىزىنچى پەسىل

### سوپىلار ھەم دەرۋىشلەرنىڭ باش كىيىملىرى خۇسۇسىدا

بىلگىنكى، ھازىرقى زاماندا ئومۇمەن ھەممە دەرۋىشلەر ۋە تەرىقەت ئەھلىنىڭ كۇلاھلىرى كىگىزدىن ھازىرلانغان بولۇپ، ئۇنى مەۋلەۋىي كۇلاھى دەيدۇ. ئەگەر كىگىز كۇلاھ كىمدىن (مىراس) قالغان؟ دەپ سورىسا، ھەزرەت جەلالىددىن مەۋلەۋىي رومىيدىن، دەپ ئېيتسۇن. بۇ كىشى ئەنە شۇنداق تاج كىيىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلدۇرغان ئىدى. ئەگەر بۇنداق كۇلاھنى كىملەر كىيىشى كېرەك؟ دەپ سورىسا، دېگىنكى ئىشق بايرىقىنى مەردلىك مەيدانىدا كۆتۈرگەن ۋە پەرزەنتلىكتە يۈكسەك بولغانلار شۇنداق كۇلاھقا مۇناسىپ بولغاندۇر.
ئەگەر تېرە كۇلاھ كىمگە يارىشىدۇ؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بەرگىن: (بىراۋغا) نەپ بېرىش ئۈچۈن پىدا بولۇشقا تەييار بولغان باشقا يارىشىدۇ. بۇنداق كۇلاھلار كۆپىنچە قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. بەس، كىمكى تېرە كۇلاھ كىيسە، ئۇ خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان، بېشىنى پىرىنىڭ پەرمان سىزىقىدىن تاشقىرى چىقارمايدىغان ۋە بېشىغا نېمە كەلسە قايتمايدىغان بولىدۇ.

*ئەگەر لۇتۇف قىلۇرسەن، يەنە تاياق ئۇرۇرسەن،*
*ئەسىردە بويىنۇم ئەگەدىم ئىتائەتتىكە.*

## توققۇزىنچى پەسىل

### كۇلاھ ئۈستىدىن باغلىنىدىغان نەرسىلەر باياندا

ئەگەر كۇلاھ ئۈستىدىن يەنە «ئەلىق» سۈرەتلىك كىگىز باغلاشنىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: «ئەلىق» راستلىقنىڭ بەلگىسىدۇر ۋە دائىرە شەكلىدە كۇلاھ ئەتراپىنى ئورىغانلىقتىن، ئۇ راستلىق دائىرىسىدۇر ۋە بۇ: «بىز راستلىق دائىرىسىدىن بېشىمىزنى سىرتقا چىقارمايمىز ۋە ئۆز بۇرادىرىمىز ئۈچۈن بېشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى:

*گاھ ئۇل ئېزگۇ يۈز زەررەلەر ئايىنەسىدۇر،*
*گاھ زەررەلەر ئۆز ئېزگۇ يۈز ئايىنەسىدۇر.*

ئەگەر خۇشبۇي سەللىنى كىم باغلايدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: شەپقەت ۋە مەرھەمىتى-نىڭ خۇشبۇيلۇقى ھەممىگە يېتىدىغان ئادەم (باغلايدۇ)...

## ئونىنچى پەسىل

### كۇلاھ ۋە كۇلاھ ئۈستىدىن باغلىنىدىغان بوغقۇچلارنىڭ رەڭگى ھەققىدە

كۇلاھلارنىڭ ۋە كۇلاھ ئۈستىدىن باغلايدىغان نەرسىلەرنىڭ رەڭگى مۇئەييەن مەنىگە ئىشارىدۇر. بۇ مەنىلەرنى بىلىش كېرەك.

ئەگەر ئاق رەڭ نېمىگە ئىشارە قىلىدۇ؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بەرگىن: ئۇ سۈت رەڭگە ئىشارىدۇر، چۈنكى سۈت گۈدەكلەرنىڭ ئوزۇقلۇقى بولۇپ، گۈدەكلەر تەربىيىسى شۇنىڭغا ئېھتىياجلىقتۇر. بەس، ئاق كۇلاھ كىيگەن كىشى سۈت كەبى پاكىز بولسۇن، گۈدەك مىسالى شەھۋانىي ھېرىسۇ ھەۋەسلەردىن پاك بولسۇن ۋە لۇتف - مېھرىبانلىقنىڭ مەرھەمەتلىك سۈتى بىلەن ھەق سۆيەتلەرنى پەرۋىش قىلسۇن ۋە شۇنداق مەرتىۋە دەرىجىگە يېتىشسۇنكى، پېقىرلار ئۇنىڭ تەربىيىسىنىڭ سايىسىدا ئاسايىشلىق تاپسۇن.

ئەگەر يېشىل رەڭ نېمىگە ئىشارە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، كوكات رەڭگىگە ئىشارە-دۇر، كوكات يەردىن ئۈنۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ غولى بولمايدۇ. غول - پۇتاقلىرى بار ئۆسۈملۈكلەرنى شەجەر (دەرەخ) دېيىشىدۇ. كوكاتنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئۇ ياشناپ تۇرى-دۇ، تازا بولىدۇ ۋە كۆزلەرگە راھەت بېغىشلايدۇ. بەس، يېشىل كۇلاھ كىيگەن ياكى يېشىل بوغقۇچ باغلىغان ھەربىر ئادەم دائىم ئوچۇق چىراي، خۇشال - خۇرام ۋە خۇرسەن بولۇشى كېرەك، تاكى ئۇنى كۆرگەن سۆھبەتداشلارنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتسۇن.

ئەگەر زەڭگەر (كۆك) رەڭ نېمىگە ئىشارە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، ئاسمان رەڭگىگە ئىشارىدۇر. ئاسمان رەڭ كۇلاھ كىيگەن ياكى شۇ رەڭلىك بوغقۇچ باغلىغان كىشى ئالىي ھىممەتلىك ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولسۇن ۋە موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى چىقارسۇن.

ئەگەر خۇد رەڭ (تۇپراق رەڭ) نېمىگە ئىشارىدۇر؟ دەپ سورىسا، تۇپراققا ئىشارىدۇر، دەپ ئېيتقىن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يەرنىڭ خاسىيىتى شۇنداق، نېمىنى تاپشۇرساڭ (تەرسەڭ) ئارتۇقى بىلەن ساڭا قايتۇرىدۇ (يېتىشتۇرىدۇ) ۋە خۇشبۇي گىياھ - گۈللەرنى ئۈندۈرىدۇ. بەس، كىمكى تۇپراق رەڭلىك كۇلاھ كىيسە، خۇددى يەر كەبى سېخىي بولسۇن، قانچىلىك خارلىق كۆرسىمۇ، شادلىق گۈل - رەيھانلىرىنى يېتىشتۈرسۇن، تۇپراق كەبى كەمتەرىن، ئەمما ئەزىز بولسۇن:

*تۇپراق بول، تۇپراق، لالە ئىلە گۈل ئۈندۈر،*
*گۈلشەننىڭ مەزھەرى[1] ئەخىر تۇپراقتۇر.*

---

① مەزھەر: كۆرۈنۈش، كۆرۈنۈشى، جايى؛ كۆرستىش، ئىپادىلەش.

www.uyghurkitap.com



## ئون بىرىنچى پەسىل

### سوپى ـ دەرۋىشلەرگە تەئەللۇق جايناماز، رىدا① كېپىش، سۆھبەت كەمىرى، تەكيا پوستىكى قاتارلىق نەرسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە

ئەگەر جايناماز (سەججادە) نېمە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىن: جايناماز باشلامچىلارنىڭ خىزمەت ئاستانىسى ۋە مەرتىۋىسىگە يېتىشكەنلەرنىڭ قۇربەت (يېقىنلىشىش) بىساتىدۇر. ئەگەر جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇش ئەدەپلىرى نەچچە؟ دەپ سورىسا، تۆت دەپ ئېيت: ئاۋۋال، شۇكى، جايناماز ئۈستىدە ئىككى تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇرسۇن ۋە ئەگەر زۆرۈر بولسا، ئوڭ ئايىغىنى چىقارسۇن ۋە چەپ ئايىغىنى پۈكۈپ ئولتۇرسۇن. ئىككىنچىدىن، ئاياغ يېلىڭ بولمىسۇن. ئۈچىنچىدىن، بۇرنى قاقمىسۇن ۋە ئاغزىنىڭ سۈيى ئاقمىسۇن. تۆتىنچىدىن، ياكى پېئىلى ياكى سۆزى بىلەن ئادەملەرگە مەقبۇل بولىدىغان بىرەر ئىش قىلسۇن … جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان ھەربىر كىشى ۋەزمىن ۋە ساداقەتلىك بولسۇن، ھەرقانداق شامال ئۇنى ئورنىدىن سىلجىتالمىسۇن.

ئەگەر ئىزار نېمە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، ئىزار دەپ بەلگە باغلايدىغان كەمەرنى ئېيتىمىز. ئەگەر بەلنى نېمە ئۈچۈن باغلىدىڭ؟ دەپ سورىسا، خىزمەت ئۈچۈن، دەپ ئېيت. (بەل باغلىغان كىشى) بەل باغلاش قائىدىلىرى ۋە ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىشى شەرت.

ئەگەر رىدا نېمە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، تونىنىڭ ئۈستىدىن يەلكىگە ئارتىلىدىغان بىر قەۋەتلىك ئەستەرسىز يەكتەك كىيىمدۇر. بىزنىڭ زاماندا بولسا بويىنىغىمىزغا ئارتىمىز.

ئەگەر رىدانىڭ مەنىسى نېمە؟ دەپ سورىسا، ئېيتقىنكى، رىدا كىيىش، سىرلارنى يات كىشىلەر نەزەرىدىن توساشتۇر.

ئەگەر كەمەر نەچچە خىل بولىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئىككى خىل بولىدۇ، دەپ ئېيت. بىرىنچىسى، سۆھبەت كەمىرى، ئىككىنچىسى، خىزمەت كەمىرى. ئەگەر سۆھبەت كەمىرىنى كىملەر باغلىيالايدۇ؟ دەپ سورىسا، ئېيت: سۆھبەت ھەققىنى لازىملىق دەرىجىدە ئادا قىلالايدىغان شەخس باغلىيالايدۇ. سۆھبەت ھەققىنى قانداق قىلغاندا ئادا قىلىش مۇمكىن؟ دەپ سورىسا، شۇنداق جاۋاب بەر: ھۆرمەت، شەپقەت، ئىززەت، مۇرۇۋۋەت بىلەن ۋە غەرەزگۆيلۈقنى تەرك ئېتىش قاتارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق مۇمكىن.

ئەگەر خىزمەت كەمىرى كىملەر ئۈچۈن باغلىنىدۇ؟ دەپ سورىسا، دەرۋىشلەر ئۈچۈن دەپ ئېيت.

*سۇلتانلار دەرگاھىغا يەتتەڭ سىغىنىش دۆلەت ئەمەس، بىل،*
*ئۇلۇغلۇق دۆلەتىن ئىزدىسەڭ، دەرۋىشلەر خىزمىتىن قىل.*

ئەگەر كېپىش (نەئلىن) نى كىملەر كىيىدۇ؟ دەپ سورىسا، شۇنداق جاۋاب بەر: تەلەپ يولىدا زور تىرىشىپ ـ تىرمىشىشى (ئىنتىلىشى) كۆپ بولغان ئادەم كىيىدۇ، چۈنكى يالاڭ ئاياغ بىلەن بۇ مۇشەققەتلىك يولنى بېسىپ ئۆتۈپ بولماس …

(داۋامى كېلەركى ساندا)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەنۋەر تۇردى

---

① رىدا: لىباس، شەيخ ۋە دەرۋىشلەرنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان يېپىنچىسى.

# تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە[1]

بارتولد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر

## ئالتىنچى لېكسىيە (ئەسلىي كىتاب 100 ـ 119 ـ بەتكىچە)

6 ـ 8 ـ ئەسىردىكى تۈرك خانلىقىدىن كېيىن، تارىختا مەلۇم بولغان ئوغۇزلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى غەربكە كۆچۈش ھەرىكىتى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى پېچەنەكلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونستانتىن خاقانى (ئۇ 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان) بۇ ئىش 50 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن، دەيدۇ. راشىدىن ھەم مەھمۇد قەشقىرى پېچەنەكلەرنى ئوغۇز قەبىلىسىگە مەنسۇپ دەيدۇ.

پېچەنەكلەر ناھايىتى بۇرۇنلا باشقا ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ، 9 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا ئوغۇزلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار ھازارلارنىڭ شەرقىي قوشنىسى بولۇپ، ئۇلار جايىك (jayik) دەرياسى ۋادىسىغا ئولتۇراقلاشقان. 922 ـ يىلى ئىبن فادىل ئۇ جايدا قالدۇق پبلارنى ئۇچراتقان، كېيىن پبلار ھازارلار رايونى ئارقىلىق غەربكە كۆچۈپ، جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقىغا كەلگەن.

10 ـ ئەسىردىكى داڭلىق ئەرەب پەيلاسوپى فارابى تۈركلەردىن كېلىپ چىققان. قاراخانىيلار سۇلالىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىپ، كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئەرەب يېزىقىنى قوللانغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگىسىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ. كېيىنكى موڭغۇللار دەۋرىدىكى تەڭگىلەرمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئىسىم ئەرەبچە بولسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاننىڭ ئىسمى يېزىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلغان يېزىق بىلەن تۈركلەر قوللانغان يېزىقنىڭ (گېك شىمىن: ئەرەبچە يېزىقنى كۆرسىتىدۇ) تۈز شەكلى ئوخشاشمايدۇ. بۇ بىر نۇقتىنى ئوغۇزلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمىگەنلىكى تەرەپتىن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا، ئۇلار ئەرەب يېزىقىنى ئىشلەتكەندىمۇ ئەرەبچە ئەلىف (ا)، ۋاۋ (و) ھەم يا (ى) ھەرپلىرى ئارقىلىق سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگەن، ئەمما ئالدىنقى ئاسىيا تۈركىي تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار ناھايىتى ئاز ئىپادىلەنگەن، ھەتتا ئۆتكەن زامان ئۈچىنچى شەخستىكى

---

① گېك شىمىن ئەپەندىنىڭ نېمىسچىدىن ئىشلىگەن خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى، بېشى ئالدىنقى ساندا.

www.uyghurkitap.com

i مۇ دائىم di ئەمەس، بەلكى d قىلىپ يېزىلغان.

شەرقىي قىسمىدا ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، مەدەنىيەتلىك تۈركلەر — ئۇيغۇرلاردىن باشقا، غەربىي شىمالدا نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەر بار ئىدى. ئۇلار ئەينى چاغدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايلا قالماستىن، ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئېرتىش دەرياسىدىن باشلاپ، زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى قوۋمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۇلارنىڭ ئىسمىدىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق بىلىۋالالايمىز. ئۇرخۇن مەڭگۇ تېشىدا بۇ دەريا بىرقانچە يەردە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جايدا قايسى قوۋمىنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئەسكەرتىلمىگەن. ئەينى دەۋردە غەربىي ئوغۇزلار ياكى تۈركەش خانىنىڭ زېمىنى ئېرتىش دەرياسىغىچە يېتىپ بارغان. ئېرتىش شۈبھىسىزكى تۈركچە ئەمەس. بۇ سۆز توغرۇلۇق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا ئازراق ئىزاھات بار. ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى كىماكلارنى ئېرتىش دەرياسىغا جايلاشقان دەيدۇ. بۇ قەبىلە ئوغۇزلارنىڭ شىمالى، غەربتە ۋولگا ياكى كاما (kama) غىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىگىلىگەن (ئەينى چاغدا كاما دەرياسى ئېيتىل دەرياسى، يەنى ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى دەپ قارىلاتتى). كىماكلار قىپچاق ھەم ئەمەك (əmək) لەردىن ئىبارەت بىرقانچە قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدا كىماك دېگەن بۇ ئىسىم ئۇچرىمايدۇ. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا ئەمەكلەر ئولتۇراقلاشقان، مەھمۇد قەشقىرى ئۇلارنى قىپچاقلارنىڭ بىر بۆلىكى دەپ قارىغان («دىۋان»، I، 273 ـ بەت).

قىپچاقلار بىلەن بىرگە قاڭلىمۇ (kangli) تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدا قاڭلى دېگەن بۇ سۆز قەبىلە نامى ئەمەس («دىۋان»، III، 280 ـ بەت)، ئۇنىڭدا قاڭلى قىپچاقلار ئىچىدىكى بىر چوڭ شەخسنىڭ نامى دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ سۆز توغرىسىدا مەھمۇد قەشقىرى «چوڭ ھارۋا» دېگەن مەنىسى بار دېگەن. پارس تارىخچىسى بەيھەقىنىڭ ئەسىرىدىن، قىپچاقلارنىڭ مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان»نى يېزىشتىن كۆپ ئىلگىرى، جەنۇبتا ئىسلام دىنى رايونى چېگرىسىغا يېتىپ بارغانلىقى ھەم خارەزمنىڭ قوشنىسىغا ئايلانغانلىقىنى بىلىمىز. قىپچاقلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى بىلەن ئالاقىدار ئىش ئېنىقكى، مەھمۇد قەشقىرى تىلغا ئالغان («دىۋان» I، 317 ـ بەت) بۇلاق ياكى ئىلىك بۇلاق نامىدىكى تۈركىي قەبىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنى قىپچاقلار ئەسىرگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا خۇدا ياردەم قىلغاچقىلا قۇتۇلۇپ قالغان. بۇ يەردىمۇ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئەسىرىدىكى باشقا جايلارغا ئوخشاش، بىر تارىخىي ۋەقە توغرىسىدىكى ئىش تېما قىلىنغان.

مۇنداق بىر نۇقتا ئېھتىمالغا يېقىن: 11 ـ ئەسىردىكى ئوغۇزلارنىڭ غەربكە، جەنۇبقا كۆچۈشى قىپچاقلارنىڭ بېسىمىدىن كەلگەن. بۇ ئارقىلىق ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى تىلغا ئالغان، ئوغۇزلارنىڭ 10 ـ ئەسىردە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر ئولتۇراقلاشمىغان مەڭغىشلاق (manghyxlak) يېرىم ئارىلىنى ئىگىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئارال شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى تۈركمەنلەر ئىگىلىگۈچە ئوغۇزلارنىڭ قولىدا تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تۈركمەنلەرنى شىمالدىن كەلگەن قازاقلار قوغلاپ چىقاردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ ئارال قازاقىستانغا تەۋە بولدى (بارتولد كېيىن تۈركمەنلەر-

نى 16 ـ ئەسىردە نوگېيەر (Nogaier) لىكلەر بۇ ئارالدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى، 17 ـ ئەسىردىن كېيىنكىلەرنى قارمۇقلار قوغلاپ چىقارغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى) .

11 ـ ئەسىردىكى مىللەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئىپادىسى: 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپى- يەشۇناسلىرى ئوغۇزلارنىڭ نامىغا ئاساسەن، غۇز يايلىقى دەپ ئاتىغان نام كېيىن قىپچاق يايلىقى (دەشتى قىپچاق) دەپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىدە بولۇپ، بۇ جۇغراپىيىلىك نام قىپچاقلار قەبىلە بولۇپ مەۋجۇت بولمىغاندىمۇ، يەنىلا ئىسلام يازما يادىكارلىقلىرىدا ئىشلىتىلگەن ئىدى. بۇ بىر نۇقتىنا خۇددى هازار خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ قارا دېڭىز يەنىلا هازار دېڭىزى دەپ ئاتالغاندەكلا ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سىر دەرياسىدىكى ئوغۇز تېررىتورىيىسى ۋە جەنۇبىي رۇسىيىدىكى پېچەنەكلەرنىڭ تېررىتورىيىسى (ئۇلارنى ئوغۇزلار قوغلىۋەتكەن) قىپ- چاقلارنىڭ هەم ئۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان قاڭلىلارنىڭ قولىغا چۈشتى. نەتىجىدە، قىپچاقلارنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ كەڭ رايوننىڭ شىمالىدىكى يايلاقنىمۇ ئۇلار ئىگىلىدى (هازىرقى قازاقلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئوخشاش) . شىمالدىن باشلانغان مىللەتلەر كۆچۈشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلا- شتى. غەربتە، قىپچاقلار رۇسلار هەم غەربىي ياۋروپالىقلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەيلى رۇسلار بولسۇن ياكى غەربىي ياۋروپالىقلار بولسۇن ئوخشاشلا قىپچاق دېگەن بۇ سۆزنى بىلمەيتتى. رۇس يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇلار پولوۋىسىر (polowcer) دەپ ئاتالدى، غەربىي ياۋروپالىقلار بولسا ئۇلارنى كومان (komane) دەپ ئاتىدى. كومان دېگەن بۇ سۆز ئىسلام يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرىمايدۇ.

قىپچاق قەبىلىسى توغرىسىدا، ماركورتنىڭ ئەسىرى بار (بىنىگ هەم ماركورتنىڭ: «شەرقىي تۈرك دىئالېكتى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىنى كۆرسىتىدۇ، بېرلىن، 1914 ـ يىلى) . ماركورت مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى تىلغا ئالغان ئەڭ شەرقىي قىسمىدىكى هۇن قەبىلىسىنى قىپچاقلارغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا هۇن دېگەن بۇ ئىسمىنى غەربىي ياۋروپالىقلار پىششىق بىلىدۇ. ماركورت مۇلاھىزىسىنىڭ ئەكسىچە، بىز مەيلى ئۇ تىلغا ئالغان شەرقتىن غەربكە كۆچۈش هەرىكىتى بولسۇن ياكى هۇنلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدە بولسۇن دەلىل ـ ئىسپاتلار يېتەرسىز دەپ قارايمىز. گەردىزى، بۇ رايوندا، يەنى قىرغىزلارنىڭ شەرقىي قىسمىدا furi دەپ ئاتىلىدىغان بىر قوۋم بار دەپ بايان قىلىدۇ. ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتە قىرغىزلاردىن تېخىمۇ قالاق بولۇپ، furi دېگەن بۇ سۆز تۈركچىدىكى buri بولۇشى مۇمكىن، ماركورت ئاساسلانغان نۇرغۇن يازمىلاردا، يەنى بىرونى، ئا ئۇفىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، مەن دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا furi دېگەن سۆز قوللىنىلغان. كېيىنكى بايانىنى قوبۇل قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن (kuri دەپمۇ ئوقۇلىدۇ، بارتولد : « جىرجىسلار» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ، فرۇنزې، 1927 ـ يىلى، 23 ـ بەت) . ماركورتنىڭ تۆۋەنكى بايانلىرىنىڭمۇ قايىل قىلىش كۈچى ئاجىز: ئۇ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىپچاقلار (يەنى، 12 ـ ئەسىردە) شەرقتىن كەلگەن بىر هۆكۈمران سۇلالىنى ئىگىلىۋالدى، دەپ بايان قىلغان ئىدى.

قىپچاقلارنىڭ كۆچۈشى بىر قەبىلىنىڭ سىياسىي بىرلىكى هەم دۆلەت تەشكىلاتى يوق تۇرۇپمۇ، يەنىلا كەڭ رايونلارنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت كەم ئۇچرايدىغان مىسال. ئىلگىرى ئايرىم قىپچاق خانلىرى بولغان بولسىمۇ، بىراق بارلىق قىپچاقلار ئۈستىدىن

ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان بىرلىككە كەلگەن بىر خان ئەزەلدىن بولغان ئەمەس. قىپچاقلار ئىگىلىگەن رايون ئەينى دەۋردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىرتىدا ئىدى. كاۋكازدا قىپچاقلار 12 ـ ئەسىردىلا ئىسلام رايونلىرىغا بولغان تاجاۋۇزچىلىققا قاتناشقان.

قىپچاق خان جەنۇبىي رۇسىيىدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان، بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلىكتە شۇنداق قىلغان. ئىسلام رايونىنىڭ قوشنا يېرىدە، مۇسۇلمان بولمىغان قىپچاق خانلىقى بولۇپ، چېگرا ئىچىدىمۇ بىر قىسىم شەھەرلەر بار ئىدى. 12 ـ ئەسىردىكى قىپچاق خانلىقىنىڭ (12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خارەزملىقلار ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان) پايتەختى سۇغناق (خارابىلىقى بۈگۈنكى سۇناق ـ قورغان ئىدى) ئىدى. بۇ جاينى مەھمۇد قەشقىرى ئوغۇزلار رايونى دەپ تىلغا ئالغان ئىدى. ئىسلام تارىخى ئەسەرلىرىدە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان قىپچاقلار بىلەن قاڭقىللار (بۇ ئىككى قەبىلە دائىم بىللە تىلغا ئېلىنىدۇ، 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ ئايرىماق ناھايىتى تەس بولغان) خارەزم بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتتى تۈپەيلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، ھازىرقى قازاق يايلىقىدا ئولتۇراقلاشقان بىر تۈركىي قوۋمنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىش (ئىبن ئاتىرنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا ھىجرىيە 435 ـ يىلى مىلادىيە 1043 ـ يىلى) قىپچاق يايلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە يەنە كېلىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قوۋمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان (960 ـ يىلىدىكى ئىشقا ئوخشاش). ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى: قىشلىقى بالاساغۇن بولسا، يازلىقى ۋولگا (ئېتىل) دەرياسى ئىدى. گەرچە زېمىنى كەڭرى بولسىمۇ، بۇ قەبىلىنىڭ ئادەم سانى 960 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قەبىلىنىڭ ئادەم سانىغا قارىغاندا كۆپ ئاز ئىدى. ئىبن ئاتىر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارنى 10 مىڭ چېدىرلىق كىشى ئىدى دېسە، ئەبۇل فىدا (توسنبىرگنىڭ باسمىسى، IX، 355 ـ بەت) ئارانلا بەش مىڭ چېدىرلىق ئىدى دەيدۇ.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي شىمالدىكى تەسىرىنىڭ قانچىلىك يىراقلىققا بارغانلىقىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن ئۇ نەقىل كەلتۈرگەن تۈركىي قوشاقلار، تۈرك ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، ئۆرپ ـ ئادەت، دۆلەت ھاكىمىيىتى قاتارلىقلارنىڭ قەيەر، قايسى تۈركىي قەبىلىگە مەنسۇپلۇقىنى ئېنىق ئېيتقىلى بولمايدۇ. ئۇ كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن تۈرك قوشاقلىرى ئوخشاشمىغان رايونلارغا چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە قاتۇن سىنى شەھىرى ھەم تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا ئالاقىدار قوشاقلار، ۋولگا دەرياسىنى تەسۋىرلىگەن:

*«ئىدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار،*
*قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار،*
*بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرار،*
*كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار.»*

دېگەن قوشاقلار بار («دىۋان»، I، 70 ـ بەت. «دىۋان» ئۇيغۇرچىسى، I. 100 ـ بەت).

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان»ىغا قارىغاندا، خەلق قوشاقلىرىدىن باشقا تۈركلەر ئارىسىدىمۇ كىتابىي شېئىرلار، ھەتتا ئوردا شېئىرلىرىمۇ بولغان. بىر يەردە مەلۇم بىر شائىر ئۆزىنى خانىشنىڭ مۇلازىمى دەپ ئاتىغان ھەم خانىشقا بىر پارچە شېئىر تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭغا قىلغان خىزمىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل شېئىر قوشاق دەپ ئاتىلىدۇ، ئەرەبچە قەسىدە (مەدھىيە، «دىۋان»، I، 314 ـ بەت) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. بۇ قوشاق باشقا بىر شېئىر شەكلى تۇيۇقتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. «دىۋان»دا تۇيۇق دېگەن بۇ سۆز ئۇچرىمايدۇ. مەھمۇد قەشقەرى پەقەت چۆچۈ ئاتلىق بىر تۈرك شائىرىنى تىلغا ئالغان («دىۋان»، III، 180 ـ بەت)، بىراق ئۇنىڭ قايسى تۈركىي قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى، قەيەر، قايسى زاماندا ياشىغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان.

خۇددى پارس مەدەنىيىتى ئىلگىرىكى تۈرك قوشاقلىرىنى بىراقلا چىقىرىۋېتەلمىگەندەك ئوخشاش، ئىسلام دىنىمۇ بىراقلا ئىلگىرىكى دىنىي قاراشلارنى چىقىرىۋېتەلمىگەن. بۇ ۋاقىتتا يەنىلا ئايال ئىلاھ ئۇماي (بۇ سۆز ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدۇ) غا ئېتىقاد قىلىناتتى. مەھمۇد قەشقەرى ئۇماينى بالا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا قوغدىغۇچى ئىلاھ دەپ چۈشەندۈرگەن ھەم ماقال نەقىل كەلتۈرۈپ: «كىم ئۇمايغا ئېتىقاد قىلسا، شۇ پەرزەنتلىك بولىدۇ» دېگەن («دىۋان»، I، 111 ـ بەت).

مەھمۇد قەشقەرى يوغ (yog) دېگەن سۆز ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنى «نەزىر» («دىۋان»، III، 105 ـ بەت) دېگەن مەنىدە، ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۈچ كۈنلۈك ياكى يەتتە كۈنلۈك زىياپەت مۇراسىمىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بايان قىلغان. يەنە مۇنداق خۇراپىلىق ساقلانغان: ئىككى قوشۇن ئۇرۇشۇش ھارپىسىدا، ئىككى تەرەپنىڭ يەر ئىلاھلىرى ئۆزئارا ئېلىشىدۇ، دەپ ئەسكەرلەر جەڭنىڭ ئالدىنقى كېچىسى چېدىردىن چىقىشتىن، يەنى ئىلاھ ئوقىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. بۇ خىل ئىلاھىي ئوق چەۋى دەپ ئاتىلىدۇ. قايسى ئىلاھنىڭ غەلىبە قىلىشى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. يەنە كىشىلەر يېڭى بوۋاق تۇغۇلغاندا، ئوغۇلمۇ، قىزمۇ دەپ سورىماي، بەلكى «بۆرى تۇغۇلدىمۇ، تۈلكىمۇ؟» («دىۋان»، I، 359 ـ بەت) دەيتتى. يەنە، سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى جەھەتتە، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئوغۇزلار، يەنى سالجۇقلارنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئاتالغۇ ئىشلىتىشى ئوخشاشمايتتى. مەسىلەن، چىگىل، يەنى شەرقىي تۈركلەر ئېينى دەۋردە «يارلىق» (خان بۇيرۇقى) دېگەن سۆزنى ئىشلىتەتتى (كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قوللانغان)، بىراق ئوغۇزلار بۇ سۆزنى بىلمەيتتى («دىۋان»، III، 31 ـ بەت)؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئوغۇزلار تۇغراگت (tughragt) دېگەن سۆز ئارقىلىق «تامغۇ»، «قول بېسىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. بۇ سۆز توغرۇلۇق مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركلەر بۇ سۆزنى بىلمەيدۇ، مەنمۇ بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلمەيمەن» دېگەن («دىۋان»، I. 385 ـ بەت). ئىبنى مۇھەننا (موڭغۇل دەۋرىدىكى يازغۇچى) نىڭ لۇغىتىدە ئىككىلا سۆز بار بولۇپ، Tughra ھەم يارلىق دېگەن ئىككى سۆز بىر بەتتە ئۇچرايدۇ. Tughra دېگەن بۇ سۆزنى كېيىن پەقەت سالجۇقلار ھەم ئوسمان تۈركلىرى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەر بۇ سۆزنى بىلمەيتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇد قەشقىرى كىتابىدا ھۆكۈمرانلىققا ئالاقىدار پارچە - پۇرات ئىشلارنى بايان قىلغان بولۇپ، خانلىق ھوقۇقىنىڭ تاشقى بەلگىسى بولغان بايراق تىلغا ئېلىنىپ، توققۇز تۇغلۇق خان ئەلك كۈچلۈك خان دېيىلگەن («دىۋان»، III، 92 - بەت). يەنە دىنسىز تۈرك خانى — ئۇيغۇر خانى توغرىسىدىكى ئىشلار بايان قىلىنغان: قامدۇ (kamdu) دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرگەندە، تۆت گەز ئۇزۇنلۇقتىكى (ئىككى مېتىرغا تەڭ) بىر غېرىچ كەڭلىك-تىكى پاختا رەخت ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، يەتتە يىلدا بىر قېتىم ئوڭشاپ، بىر قېتىم يۇيۇلىدۇ ھەم قايتا ئەمەل تامغىسى بېسىلىدۇ («دىۋان»، I، 350 - بەت، تاكى يېقىنقى دەۋرگىچە شىنجاڭدا يەنىلا رەخت پۇل ئىشلىتىلەتتى) دېيىلگەن.

## يەتتىنچى لېكسىيە (ئەسلىي كىتاب 120 - 138 - بەتكىچە)

مەھمۇد قەشقىرى بىزنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شىمالىدا يابغۇلار (شۇنىڭدىن كېيىن تارىختا چېلىنمايدۇ) بىلەن، شەرقتە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ، بىراق 11 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى غەربىي لياۋ (قارا كىدان) لار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئۈستىدە توختالمايدۇ.

كىدانلارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرى، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا مول. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، كىدانلارنىڭ لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ئاكا - ئۇكا خاقانىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلارغا ياردەم بەرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەنلىكىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسلام تارىخى ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى غەربىي يۈرۈش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىر-لاشقان بولۇپ، قەشقەر خانى كىدانلارنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىۋەتكەن. سەلجۇقلار سۇلتانى سەنجەر بۇ غەلىبىنى باغداد خەلىپىسىگە (بارتولد: «تۈركىستان»، I، 37 - بەت) مەلۇم قىلغان. بىراق، كىدانلارنىڭ باشقا بىر بۆلىكىنىڭ شىمالىي يول بىلەن غەربىي موڭغۇلىيە ئارقىلىق قىلغان غەربىي يۈرۈشى غەلىبە قىلغان. ئۇلار يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا گەرچە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بەختكە يارىشا بۇ رايوندىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، چۆچەك رايونىدا (11 - ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن يابغۇلار قەبىلىسى بۇ جايدا ئۇرۇش قىلغان) ئېمىل شەھىرىنى بەرپا قىلدى (ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيالىنى جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي»، جېنى خاتىرىلەش مەجمۇئەسى، XVI، 2، 86). ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ رايون 12 - ئەسىردىمۇ 11 - ئەسىردىكىگە ئوخشاشلا ئىسلام تەسىرىنىڭ سىرتىدا تۇراتتى. ئىسلام دىنىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايون يەنىلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بالاساغۇن شەھىرى رايونى ھېسابلىناتتى.

غەربىي لياۋ خانى بالاساغۇن شەھىرىگە يېقىن جايدا تۇراتتى. ئىسلام مۇئەللىپلىرى ھەم موڭغۇللار ئۇنى گورخان دەپ ئاتايتتى. بۇ خىل نام بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن ئوخشاشلا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىمۇ ئېنىق ئەمەس. مۇسۇلمان يازغۇچىلار بۇ

سۆزىنىڭ «خانلارنىڭ خانى» دېگەن مەنىسى بارلىقىنى بايان قىلىنىشىدۇ. بۇ سۆز (gur ، kur) بەلكىم قەدىمكى تۈرك تىلىدا kur ياكى kul دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى بىر سۆز ئۆرخۇن ئابىدىلىرى، گەردىزى ھەم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ، گورخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىن كەڭ بولۇپ، خارەزمدىن ئۇيغۇرلار رايونىغىچە يېتىپ بارىدۇ.

غەربىي لياۋلارنىڭ ئوردا تىلى خەنزۇ تىلى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار خەنزۇلارنىڭ تۈزۈمىنى قوللانغان ئىدى. « 驸马 » دېگەن سۆز كۇيئوغۇلنى كۆرسىتەتتى، payza ( 牌子 ) ئارقىلىق «ئىسپات ھۆججىتى» (كېيىنكى موڭغۇللارغا ئوخشاش) ئىپادىلىنەتتى. غەربىي لياۋ ئادەتتىكى كۆچمەن چارۋىچى خانلىققا ئوخشىمايتتى، ئۇلار تېخى شەھەر تۈزۈمىنى (پارچىلاپ ئىدارە قىلىش تۈزۈمى) يولغا قويمىغان ئىدى. ئېيتىلىشىچە، تۇنجى گورخان ھەرقانداق ئادەمنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىغان. بىراق، دۆلەت تەۋەلىكىدە ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان غەربىي لياۋ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بالاساغۇن شەھىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە گورخان ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ شەھەر ۋە ئاھالىنىڭ تەركىبى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا مۇسۇلمان شەھىرى بولۇپ قېلىۋەردى. غەربىي لياۋلار ئىگىلىۋالغان باشقا شەھەرلەردىن قەشقەر، ماۋەرائۇننەھردە يەنىلا قاراخانىيلار سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. غەربتىكى خارەزم، شەرقتىكى ئۇيغۇر خانلىقىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش تۇرۇۋەردى.

غەربىي لياۋنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر خىل مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى بولمىغان تەركىبلەرنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن، يەتتىسۇ رايونى چۇ دەرياسى ۋادىسىدىن بايقالغان سۈرىيە تىلى، تۈركىي تىلىدا نېستورىئان دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھازىرمۇ يەنىلا ئېنىق ئەمەس. ئىسسىق كۆل رايونىدىن بايقالغان كۆپ ساندىكى يازما يادىكارلىقلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكىگە ئوخشاشلا 14 - ئەسىر، يەنى موڭغۇل دەۋرىگە مەنسۇپ. بىراق، چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلار 13 - ئەسىرنىڭ بېشىغا، يەنى غەربىي لياۋ يەنىلا مەۋجۇت بولۇۋاتقان دەۋرگە مەنسۇپ. رۇسىيە ئاكادېمىكى kokovcov يەتتىسۇ رايونىدىكى نېستورىئان دىنى يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن تۇرپاندىن بايقالغان يازما يادىكارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، تۇرپاندىكى نېستورىئان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ يەتتىسۇ رايونىدىكى مۇخلىسلارغا قارىغاندا تەربىيە كۆرگەنلىكىنى بايقىغان. شۇڭا شەرق (تۇرپان) غەربكە (يەتتىسۇ رايونى) تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قاراش كېرەك («رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى»، 1909 ، 778 - بەت).

ئۇيغۇر نېستورىئان دىنى مۇخلىسلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىمۇ مۇشۇ مەزگىلدىن پايدىلىنىپ غەربكە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتكەن بولۇشى مۇمكىن. غەربىي لياۋ دەۋرىگە نىسبەتەن، بىزدە بۇنىڭغا ئالاقىدار ماتېرىيال يوق. بىراق، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (يەنى، 1253 - يىلى) لېلوك قايالىق شەھىرىدە (ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى) ئۇيغۇر بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنى ئۇچراتقان. بۇ ئۇيغۇر بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى غەربىي لياۋ دەۋرىدىلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمەن، 11 -، 12 - ئەسىر خرىستىئان دىنى دىن تارقىتىشنى كۈچەيتكەن دەۋر بولۇپ، نۇرغۇن موڭغۇل

قەبىلىلىرىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلىمىز. خرىستىيان دىنى تارىخىي ماتېرىياللىرىدىلا ئەمەس، ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ غەربىي موڭغۇللارنىڭ نايمان قەبىلىسى بىلەن شەرقىي موڭغۇللارنىڭ قىبلى قەبىلىسىنىڭ خرىستىيان دىنى مۇرىتلىرى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. پېللىئوتنىڭ تەتقىقاتى («روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى»، XV، 1914. 629 ـ بەت) جەنۇبىي موڭغۇللارنىڭ ئۆنگۈت (ongut، ongut) قەبىلىسىمۇ خرىستىيان دىنى مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. خرىستىيان دىنىنى تارقىتىشتا ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشقان. چىڭگىزخاننىڭ نايمانلار يېنىدىن بىر ئۇيغۇر مۆھۈردارغا ئېرىشكەنلىكى ھەم ئۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلگەنلىكى بۇ بىر نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. يەتتىسۇ رايونىدىكى خرىستىيان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى، مەڭگۈ تاشلاردىكى ساناق ساناش ئۇسۇلى ئورخۇن يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى ساناق ساناش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر خرىستىيان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ مەركىزىي تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى بۇلايىق (bulayik) يېزىسى بولۇپ، بۇ يەردىن پەقەت يەرلىك خرىستىيان دىنى يازما يادىكارلىقلىرى بايقالدى (سۈرىيە، سوغدى، تۈرك تىلىدىكى. مولى: «ئۇيغۇر ژەسىقلىرى» بېرلىن، 1908، 4 ـ بەت)، بىراق يەتتىسۇ رايونىدىكى خرىستىيان دىنى مۇخلىسلىرى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتمەي، سۈرىيە يېزىقىنى ئىشلەتكەن (بىرقانچە يېڭى بەلگىنى كۆپەيتكەن).

دىن تارقىتىش پائالىيىتى سودا پائالىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، سۈرىيە رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، كېلىلىقلار (ئالفرىت: «يوھان ئېپىسكوپ ھەققىدە رىۋايەت» 89 ـ بەت، ئەبۇل فارادىنىڭ كىتابىغا ئاساسلانغان) خرىستىيان دىنى سودىگەرلىرى ئارقىلىق خرىستىيان دىنىنى بىلگەن.

موڭغۇللار تۈرك تىلىدىن «سودىگەر» مەنىسىدىكى سارت دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلىپ قوللاندى، شۇنداقلا سوغد (soghd) دېگەن سۆزدىن سوغداق (soghdak) دېگەن سۆزنى تۈرلەپ چىققانغا ئوخشاش، سارت دېگەن سۆزدىن سارتاق (sartak) دېگەن سۆزنى تۈرلەپ قوللاندى. يەنە موڭغۇل تىلىدىكى ئادەمنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئارقا ئۇلانمىسى tai ـ نى قوشۇپ سارتاقتاي (sartaktai) سۆزىنى ياساپ قوللاندى. موڭغۇللار بۇ سۆزنى ئاساسلىقى سودىگەرلەر ئىچىدىكى «مۇسۇلمان ئىرانلىقلار» غا ئىشلەتكەن. موڭغۇللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ سۆز بىر مۇقىم مىللەتتىن كۆرە، مۇقىم مەدەنىيەت تىپىدىكى كىشىلەرنى كۆرسەتتى. چىڭگىزخان ئۆزىگە بويسۇنغان بىرىنچى مۇسۇلمان پادىشاھى، يەنى يەتتىسۇنىڭ شىمالىدىكى قارلۇقلاردىن ئارسلانخاننى سارتاقتاي دەپ ئاتىغان ئىدى. ئەمما، قارلۇقلار تىل جەھەتتىن ئىرانلىق ئەمەس بەلكى تۈركلەر ئىدى. موڭغۇللار يەنە سارت بىلەن مەنبەداش sartaghul (ساتاغۇل) دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. بۇ سۆز چىڭگىزخان دەۋرىدە قوللىنىلغان بولۇپ، كېيىن رەشىدىدىن مۇشۇ سۆز بىلەن تاجىكلارنى كۆرسەتكەن، ئىبن مۇھەننا بولسا «مۇسۇلمان» لارنى كۆرسەتكەن.

چەك (qek) دېگەن سۆز پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان. غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە، يەنى مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدىمۇ ئىسلام دىنى رايونى ئەڭ شىمالدا بالاساغۇن رايونىدىن ھالقىپ كەتمىگەن ئىدى. يۈز يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتىن كېيىن، يەنى موڭغۇللار

تارىختا كۆرۈنۈشتىن ئىلگىرى يەتتىسۇ رايونىنىڭ شىمالىدىكى قارلۇقلار، مۇسۇلمان ئارسلانخان دۆلىتى ھەم قايالىق شەھىرىگىچە كېڭەيدى. بۇ شەھەرنىڭ ئورنىنى تەخمىنەن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. لوبلۇك ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئالاكۆلگە (ala kul) بېرىش يولىدا، بۇ شەھەردىن ئۆتكەن. ئەينى چاغدىكى چوڭ يول ھازىرقى بالقاش كۆلىگە تېخىمۇ يېقىن بولسا كېرەك، چۈنكى لوبلۇك يىراقتىن كۆل يۈزىنى كۆرگەنىكەن. قايالىق شەھىرى ھەم قارلۇق دۆلىتى غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان. قارلۇق خانى يەنە كېلىپ گورخانغا بېقىناتتى. يەنە بىر شەھەر، يەنى ئىلىنىڭ (غۇلجا، «ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى»، II، 1193) غەربىي شىمالىدىكى ئالمالىقتا (بۇ شەھەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ياكى غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە دائىر خاتىرىلەردە ئۇچرىمايدۇ) موڭغۇللار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى قارلۇقتىن ياكى قاڭلى تۈرك ئېرقىدىن كېلىپ چىققان بىرسى ھۆكۈمرانلىق (ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىنمايتتى، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى تۇراتتى) قىلاتتى. بۇ ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىكى زىددىيەتنى بىز جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» (12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيال) ئەسىرىنىڭ ئوخشىمىغان (گەرچە ئوخشاشلا قەدىمكى بولسىمۇ) نۇسخىلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما، ئالمالىقنىڭ ھۆكۈمرانى ئوخشاشلا مۇسۇلمان ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئىلگىرى مەۋجۇت بولمىغان يەنە بىر يېڭى مۇسۇلمان خانلىقى مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ. ئەينى دەۋردە ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى قىيىن ئىدى. شەرقتە مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار خۇددى بىر سېپىلغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ تۇراتتى. موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا، ئىسلام دىنىنىڭ چېگرىسى كۇچانىڭ شەرقىدە ئىدى. پەقەت ئەبۇفلا (بارتولد: «تۈركىستان» بىرىنچى قىسىم، ئەسلىي تېكىست، 95 - بەت) كۇچاردىكى مۇسۇلمان تۈركلەردىن خىزىربەگنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ قەھرىمان نامى بىلەن مەشھۇر بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. خىزىربەگ قەشقەر خانىغا ياردەم بېرىپ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرغاچقا، خان ئۇنىڭغا نام بەرگەن. مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى چېگرىسى چەرچەن ئىدى. بىراق، 13 - ئەسىردىكى ماركو پولو دەۋرىدە بولسا، لوپنۇر رايونىدىكى ئاھالە ئاللىبۇرۇن ئىسلام مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى.

يەنە بىر مۇرەككەپ مەسىلە شۇكى، تۈركلەرنىڭ ئەينى دەۋردە ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتى تۇرمۇشىغا قانچىلىك دەرىجىدە قاتناشقانلىقى. تۈركلەر بۇ چاغدا گەرچە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز تىلىنى يوقىتىپ قويمىغان ئىدى. بىراق، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ تۈركلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى شۇ دەرىجىدە چوڭ بولغانكى، تۈرك تىلىمۇ ھەتتاكى دۆلەت ياكى مەدەنىيەت تىلىغا ئايلىنالمىغان ئىدى. ئەڭ غەربتە، يەنى كىچىك ئاسىيادا 13 - ئەسىرگىچە ئەرەب تىلى يەنىلا دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىلغان ئىدى. بۇ بىر نۇقتىنى 14 - ئەسىردىكى كىچىك ئاسىيادا پارس تىلى بىلەن يېزىلغان، يازغۇچىسى نامەلۇم بىر ئەسەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بىراق، مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن («رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، 18، 0129، خۇددى ماكس ۋان بېرچېم (max Van Berhen)

www.uyghurkitap.com



كۆرستىپ ئۆتكەندەك) ، ھىراق ئالدىنقى بىر نۇقتىغا پايدىلىق بولغىنى ئالتۇن ئىلمى
ھەققىدىكى ماتېرىياللاردۇر، پارس شېئىرلىرىنىڭ تۈرك سۇلتانلىرىغا بولغان تەسىرىنى،
ئەينى چاغدا كۆپ قوللىنىلغان كەيخۇسرەۋ، كەيقۇباد دېگەندەك كىشى ئىسىملىرىدىن كۆرۈ-
ۋالغىلى بولىدۇ. ھىراق، ساپ تۈركچە كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ بىر نۇقتا سۇلتانلا-
رنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۈركلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ. بۇ بىر ئەھۋال ئىراندىكى سەلجۇقلار دۆلىتىگىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇ يەردە پارس
تىلى دۆلەت ھەم مەدەنىيەت تىلى قىلىپ قوللىنىلغان ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈم-
رانلىقىدىكى تۈركىستاندا، ئەرەب تىلى دائىم پارس تىلى تەرىپىدىن مەمۇريي ھەم ئەدەبىيات
ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن ئىدى. ھىراق، 10 ـ ئەسىردىكى سامانىيلار سۇلالىسى
دەۋرىدە، «بۇخارا تارىخى» ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئىدى. بۇ كىتاب 12 ـ ئەسىردە پارس
تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، باشقا سەۋەبلەردىن تاشقىرى، كىشىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن ئەرەب
تىلىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن (نۇرشاھ،
سىپىر باسما نۇسخىسى، 2 ـ بەت)، ھەتتا دىنىي تەلىم ـ تەربىيەدىمۇ پارس تىلى ئەرەب
تىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. مەسىلەن، بىر كىشى مەدرىستە پارس تىلىدا دەرس سۆزلىگەن
(سامانى، مەرگولوس نۇسخىسى 506 ـ بەت) . بۇ خىل ئەھۋال دەسلەپكى دىنىي تەربىيەدىمۇ
ئۇچرايدۇ. مەجىددىن ئابدۇلجاپپار (تارىخ يازغۇچىسى، ھىجرىيە 451 ـ يىلى نىشاپوردا
تۇغۇلغان) ئۆزىنىڭ بەش ياش ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى پارس تىلى
ئارقىلىق ئۆگەنگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ھىراق، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا، 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى
يېرىمىدا ئەرەب تىلى يەنىلا مەمۇريي تىل قىلىپ قوللىنىلاتتى. بىر پارچە ئەرەبچە ھۆججەتنى
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ لوندون شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ئىدىم (
«قۇتادغۇبىلىگ، تىكى بۇغراخان ئۇستىدە تەتقىقات» ، «لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناس-
لىق ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»غا بېسىلغان. II ، I ، 151 ـ 158 ـ بەت، 1923 ـ يىلى،
تۈركچە تەرجىمىسى «تۈركولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1 ـ تومغا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان) . بۇ
ھۆججەت «قۇتادغۇبىلىگ» يېزىلغان بۇغراخان دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدى. بۇ ھۆججەت ھەم
كېيىنكى ھۆججەتلەر شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە بولۇپمۇ سەمەر-
قەندتە، گەرچە ئاھالىلەردىن ھەممىسى دېگۈدەك تۈركچە سۆزلىسىمۇ، ھىراق تۈرك تىلى
دۆلەت تىلى قىلىپ ئىشلىتىلىشتىن پۈتۈنلەي قالمىغان ئىدى. مەسىلەن، تۈركچە ئۇلۇغ
دېگەن سۆزگە ۋەزىر سۆزى قوشۇپ قوللىنىلغان. 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى سەمەرقەند
خانىنىڭ قويدۇرغان تەڭگىسىگە ھەتتا خانىنىڭ نامى سۇلتان ئەسسەلاتىن (sultan as salatin
سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى) قىلىپ يېزىلغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرى تاكى خانلىق
يوقالغۇچە تۈركچە ئىسىم ھەم تۈركچە نام ئىشلەتكەن ھەم موڭغۇل يايلىقى دەۋرىدىكى ئوغۇز
ھەم خانلىق دەۋرىدىكى ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان، يەنى يېڭى خان خانلىققا ئولتۇرغاندا كونا
نامىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى نامىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى ئورنىدا قوللانغان. بۇ بىر ئادەت تارىخ
تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرغان، يەنى ئوخشاش بىر ۋاقىت، ئوخ-
شاش بىر جايدا قويۇلغان تەڭگىلەر بىر ئادەمگە تەئەللۇقمۇ ياكى بىرقانچە ئادەمگىمۇ بۇنى

ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ.

سەمەرقەندتە ھازىرقى بىلىشىمىزگە ئاساسلانغاندا، تۈرك ئەدەبىياتى ھەققىدە بىر نەرسە
دېگىلى بولمايدۇ (خىزىرخان ھەم ئوردا شائىرلىرى توغرىسىدا، «سەمەرقەند» نىڭ 4 ـ
تومىغا قاراڭ، جىنى خاتىرە مەجمۇئەسى، XI ، ئەسلىي تېكىست 46 ـ بەتتە. XI ، 2،
تەرجىمىسى 52 ـ بەتتە) خان سارايلىرىدا يېزىقچىلىق قىلىدىغانلار پارس شائىرلىرى ئىدى،
ئۇلارنى خان ئوردىسى قوغدايتتى. تۈرك تىلى ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا نىسبە-
تەن، گەرچە پارس تىلىنىڭ تەسىرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ھەم كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بولسى-
مۇ، ئەينى دەۋردە قەشقەرنىڭ شارائىتى بىر قەدەر ياخشى ئىدى. 17 ـ ئەسىرلەردە قەشقەردە
پارس تىلىدا بىر تارىخىي ئەسەر يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى گراماتىكىلىق خاتالىقلار
ناھايىتى كۆپ. بۇ شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرىدۇكى، پارس تىلى يازغۇچىنىڭ ئانا تىلى ئەمەس،
شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان تىلى ھەم ئەمەس («ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، XX
I ، 313 ـ بەت).

ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى) بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ
(ئۇ قاراخانىيلار ئوردىسىدا ھاجىپ ئىدى) قەشقەردە تۈرك تىلى بىلەن «قۇتادغۇبىلىگ» نامى
بىلەن پەند ـ نەسىھەت مەزمۇنىدىكى داستاننى يېزىپ، ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلار خانىغا
تەقدىم قىلغان. قۇت (بەخت) دېگەن بۇ سۆز دائىم (كىتابنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىمۇ مۇشۇ
مەنىدە) ھازىرقى «ئالىيلىرى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلاتتى. بۇ خىل تۆرە مەجبۇرىيىتى
نەسىھەتىگە ئالاقىدار ئەسەرلەر قەدىمكى شەرقتە (ئىراننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ناھايىتى كەڭ
تارقالغان بولۇپ، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى بار قىسمى دەل ئۇلاردا بايان قىلىنغان
تارىخىي ياكى رىۋايەتلەردىكى ۋەقەلەر بولۇپ، يازغۇچى دەل مۇشۇلار ئارقىلىق مەلۇم نەزەرى-
يە، كۆزقاراشنى تەكىتلەيتتى ياكى چۈشەندۈرەتتى. مۇشۇ بىر نۇقتا دەل «قۇتادغۇبىلىگ»
تە كەمچىل بولۇپ، كىتابتا تارىخىي شەخسلەر تىلغا ئېلىنمىغان، كىتابتىكى ئىلىكخانمۇ
پەقەتلا بىر ئوخشاتما پېرسوناژدۇر (ئادالەتنىڭ ۋەكىلى). ئۇنىڭدىن باشقا شەخسلەرمۇ ئايرىم ـ
ئايرىم ھالدا ۋەزىر ھەم ئۇنىڭ ئوغلى، قېرىنداشلىرىدۇر. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىگ» پارسچە
ئۈلگىلىك ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن.

كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە، ئەرەبلەر ھەم تاجىكلار ئارىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنىڭ يېزىل-
غانلىقى، ئەمما تۈرك تىلىدا يېزىلغانلىرىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.
بۇ بىر نۇقتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى تۈرك تىلىدا يېزىلغان بۇددا
دىنى، مانى دىنى ھەم نېستورىيان دىنى ئەسەرلىرىنىڭ ناھايىتى تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەنلىكى-
نى چۈشەندۈرىدۇ. ئېنىقكى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق بىزگە
مەلۇم بولغان ئىسلام ـ تۈرك قوشاقلىرى تەرەققىي قىلىپ چوڭ ئەسەرلەرگە ئايلىنالمىغان،
ئەينى دەۋردە ئەدەبىي ئەسەرلەر پەقەت قەشقەردىلا بارلىققا كېلەتتى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ
دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەشقەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى خاقانىيە تۈركچىسىدە سۆز-
لەيتتى، ئەمما قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى كەنتلەردە كەنچەك تىلى ئىشلىتىلەتتى، يەنى
تۈركلىشىشكە باشلىغان ئاھالىنىڭ (ئۇلار تۈرك ئەمەس) تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر مەسىلە بار: «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ئۇسلۇبى ھەم ئىپادىلەش

www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلى بىلەن قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىسىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار، شۇنداقلا ئۇ شۇ دەۋردىكى كىشىلەرگە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن؟ «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ھازىر ئۈچ نۇسخىسى بار بولۇپ، بىرسى، 1439 - يىلى ھىراتتا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى، قالغان ئىككىسى بولسا ئەرەب يېزىقىدىكى نۇسخىلىرى بولۇپ، بىرى قاھىرەدىن، يەنە بىرى پەرغانىدىن بايقالغان. يازغۇچى ئەسەرنى قايسى خىل يېزىقتا يازغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ ياكى ئەرەب يېزىقىدىمۇ؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار بار (ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان بولۇش ئېھتىماللىقى چوڭراق). كىتابنىڭ ئۆزى شۇنداقلا قۇت دېگەن سۆزنىڭ «ھۆرمەتلىك، ئالىيلىرى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىشى قەشقەردە ئىسلام دىنى ھەم پارس تىلىنىڭ تەسىرىنىڭ تۈرك ئەنئەنىلىرىنى ئوردا تۇرمۇشىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتەلمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ئىسمى كېيىنكى موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، چىڭگىزخاندىن قېلىپ قالغان نەسىھەتلەر توپلىمى («ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، XIII، 015) مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. 15 - ئەسىردىكى يازغۇچى ئىبن ئەرەبشاھنىڭ ئېيتقىنىغا ئاساسلانغاندا، (ئىبن ئەرەبشاھ، فەكھەت ئەل خۇللاف، مىسىر باسمىسى، 1315 - يىلى 184 - بەت)، قۇتادغۇ (Qutudghu) دېگەن سۆز موڭغۇللار ئىشلەتكەن ئۇيغۇرچە سۆزدۇر، بىراق بۇ جايدا ئۇ بۇ سۆز بىلەن چىڭگىزخان كېلىپ چىققان قەبىلىنىڭ نامىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن (قىيات دېگەن قەبىلە نامىنى قاتتات دەپ خاتا ئوقۇغان)، بەزىلەر (پ. مىلونىسكى، «ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، XIII، 021) بۇ ئىسىم توغرىسىدا، بۇغراخاننىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى «قۇتادغۇبىلىز» (kutadgu Biliz) سۆزى ئىلگىرى موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسەتكەن، نەتىجىدە چىڭگىزخاننىڭ قۇتادغۇبىلىزى بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ. بىراق، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان» ى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خەلقنىڭ ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر نۇقتا ئايدىڭلاشتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دېمىگەن. ئوخشاشلا، «قۇتادغۇبىلىگ» تەك ئىسلام روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇنداق ئەسەرمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايتتى. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار يەنىلا بۇددا دىنى ياكى نېستورىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، شۇنداقلا كېيىن بۇ موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسەتكەن.

گەرچە يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلشۇناسلىق ئەسىرىدىن ئىككى يىل بۇرۇن تاماملىغان بولسىمۇ، لېكىن «دىۋان» دا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى كۆرگەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان. مەرھۇم خارتمان (m • Hartmann)، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرىنىڭ پەرقى شۇكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى ئوردا شېئىرلىرىغا مەنسۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بولسا خەلق قوشاقلىرى ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ، دېگەن ئىدى. بۇ خىل پىكىر چوقۇم توغرا بولۇشى ناتايىن. بىزگە مەلۇمكى، «دىۋان» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن قوشاقلاردىن ئوردا شېئىرلىرىمۇ بار. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دىداكتىك ئەسىرىدىمۇ خەلق ئارىسىدىكى نەرسىلەر قوللىنىلغان. «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىمۇ «دىۋان» دىكىگە ئوخشاشلا، بەزىدە ئوخشاش سۆز ئارقىلىق ئوخشاش مەنە ئىپادىلەنگەن. «قۇتادغۇبىلىگ» نى ئوقۇغانلىكى ئادەم «دىۋان» دىكى «ئەردەم باشى — تىل»

(ardam baxi — til) (ئەخلاقنىڭ بېشى تىلدۇر. «دىۋان»، I . 281 - بەت) دېگەن ماقالىنى ئەسكە ئالىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىگ» ئەينى دەۋردە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىدى (گەرچە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان كۆچۈرمە نۇسخىلىرى كۆپ بولمىسىمۇ). سارايچىق (ئۇلار دەرياسى ئېغىزى) تىن بايقالغان «قۇتادغۇبىلىگ» شېئىرلىرى يېزىلغان چاقچۇق بۇيۇملار بۇ بىر نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيىدىن يەنە قۇتادغۇبىلىك بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى باشقا بىر ئەسەر «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» بايقالدى. ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى ئەھمەد ئىبىن مەھمۇد يۈكنەكى ئەسىرىنى «قەشقەر تىلى» دا يازغان بولۇپ، ئۇنى ئەمىر داد سىپاھسالار بەگ دېگەن كىشىگە تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەرمۇ ئوخشاشلا پەند - نەسىھەت كىتابى بولۇپ، رېئال تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق (نەشر قىلغۇچى: ناجىئاسىم، ئىستانبۇل. 1334 - يىلى، 2 - قىسىم، ران. دېنىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۈركچە ئەخلاق كىتابى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ. «مۇسۇلمانلار دۇنياسى» غا بېسىلغان، 60، 1925، پارىژ، 189 - 234 - بەت). «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ بايقىلىشى «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئايرىم ھادىسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ تۈرك ئەدەبىياتىدا «قەشقەر» دەۋرىنى ئاچقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، قارىغاندا ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋر تۈرك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭ بولمىغان.

ئۇ دەۋردە ئىلگىرىكى تۈركلەر بىلەن خەنزۇلار مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى يەنىلا ساقلانغان، بۇ پەقەت خانلارنىڭ نامىدىلا ئىپادىلەنمەيدۇ. «دىۋان» دا غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە مەنسەپ نامى تاياڭگۇ (tayangu) ساقلانغان. بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى ھاجىب دېگەن سۆزگە باراۋەر بولۇپ، ئۇ تۈركچىدىكى تايانماق دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدىغان قونچۇي (مەلىكە) دېگەن سۆز «ئايال» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىسىمۇ، بىراق قاتۇن دېگەن نام يەنىلا قونچۇي دېگەن سۆزدىن ئېخىمۇ ئۈستۈن تۇراتتى («دىۋان»، III . 181 - بەت).

«دىۋان» دىكى ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلۈكلەر ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى، «مەيدىگە چىگىپ قويۇلىدىغان، بۇرنىنى سۈرتۈشكە ئىشلىتىلىدىغان يىپەك رەخت» نى ئىپادىلەيدىغان ئۇلاتۇ (ulatu) («دىۋان»، I ، 122 - بەت) دېگەن سۆز. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى دەۋردە ياكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردە مەيلى گرېتسىيە ۋە مەيلى ئىسلام دۇنياسىدا بولسۇن قولياغلىق ئىشلىتىلمەيتتى. غەربىي ياۋروپا بىرىنچى قېتىم 15 - ئەسىردە يىراق شەرقتىكى جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، قولياغلىق ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئەمما، جۇڭگودا قەدىمدىن باشلاپ قولياغلىق ئىشلىتەتتى. جۇڭگونىڭ تەسىرى بىلەن، موڭغۇللارمۇ قولياغلىق ئىشلەتكەن، 11 - ئەسىردە تۈركلەرنىڭ قولياغلىق ئىشلەتكەنلىكىنى يىراق شەرقتىكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن كۆرۈش كېرەك.

قەشقەر دەۋرىدىن كېيىن ئىسلام - تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى مەركىزى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خارەزم بولدى.

www.uyghurkitap.com

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى رېئال ئەھمىيىتى

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي

تېپىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىش بىلەن بىرگە، ئەرەب - پارس تىللىرىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز - ئىبارىلەرنى ۋە بىرمۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئاشۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئىبارىلەر ۋە بەزى ئىپادىلەش شەكىللىرى (مەسىلەن: «چۈنكى» بىلەن باشلانغان سەۋەب بېقىندى جۈملە شەكلى، «ئەگەر» بىلەن باشلانغان شەرت بېقىندى جۈملە شەكلى ۋە «كى» بىلەن باغلانغان ئىزاھ بېقىندى جۈملە شەكلى قاتارلىقلار) تۈرلۈك دەرىجىدە ئۆزلەشكەن ھالدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىپ، ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مۇشۇ ئەمەلىيەتكە چۆكۈپ مۇلاھىزە قىلساق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق نېگىزى بىلەن چۈشىنىش ۋە ئۇنى توغرا شەرھلەش، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدىن بۈگۈنكى زامان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىزنىڭچە، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەۋاتقان بىر مەدەنىي ئىنسان بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدىكى مۇسۇلمانچە تەركىبلەرنىڭ مەنە - ئۇقۇم دائىرىسىنى توغرا ۋە تولۇق شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر مىللىتى مۇسۇلمان مىللەت، شۇڭا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قۇرئان كەرىمنى مەنبە قىلغان مۇسۇلمانچە ئىسىملاردىن ئىبارەت. ئەمما، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق زامانلىق ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، نۇرغۇن ئىسىملاردا ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى فونېتىك ئۆزگىرىشلەر بولغان. نەتىجىدە، ئەسلىدىكى بىر ئىسىمنىڭ بىرقانچە ۋارىيانتى مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۇلار ئوخشىمىغان كىشى ئىسىملىرى بولۇپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن. خېلى بىر بۆلەك مۇسۇلمانچە ئىسىملاردا فونېتىك ئۆزگىرىش نىسبەتەن چوڭ بولغاچقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئاساسىي بىلىمگە ئىگە بولمىغان ئادەم ئۈچۈن، مەزكۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش تەس بولۇپ قالغان. بىر مەدەنىي ئىنسان تۇرۇقلۇق ئۆز ئىسمىنىڭ مەنىسىنى بىلمەسلىك نەقەدەر ئەيىب ئىش ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

ھالبۇكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش خەلقىمىز ئىچىدىكى بۇخىل كىشى ئىسىملىرى ساۋاتسىزلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل يۇيۇپ تاشلايدۇ. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي بايان ئۈچۈن، پېقىر يازغان «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 1995 - يىل نەشرى) ناملىق كىتابنىڭ «لېكسىكولوگىيە ۋە كىشى ئىسىملىرى ئىلمى» دېگەن بابىغا نەزەر ئاغدۇرۇش ھاۋالە قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلىگەندە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ۋە ئۇلارنىڭ فونېتىك ئۆزگىرىش قىلىش سەۋەبى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، ھازىرقى تىلىمىزدا، «سەللىمازا»، «مويسىپىت» ۋە «زاراتگاھ» دېگەن سۆزلەر بار. بۇلار ئىناۋەتلىك لۇغەتلىرىمىزدە، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، «ئۇزۇل - كېسىل، پۈتۈنلەي، تولۇق (كېسەل كىشى ھەققىدە): سەللىمازا ساقايماق.»، «چاچ ساقاللىرى ئاقارغان، ياشانغان، پېشقەدەم، چوڭ: مويسىپىت ئادەم»، «ئۆلگەن كىشىلەرنى كۆمىدىغان جاي، قەبرىستان.» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ،قىسقارتىلمىسى، 571 -، 623 - ۋە 1050 - بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1999 - يىل نەشرى) ئەمدى، ئازراق دىققەت قىلىدىغانلا بولساق، بۇ سۆزلەر ئاددىي سۆزلەر ئەمەس، بەلكى بىرىكمە سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز ۋە بۇ چاغدا، «سەللىمازا» دېگەن سۆزنىڭ «سەللە» ۋە «مازا (مازار)» بىلەن ئالاقىسى بارمىدۇ؟ تىلىمىزدا، «تۈك، قىل» ئۇقۇمىدا ئىشلىتىلىدىغان «موي» دەيدىغان بىر سۆز بار. ھالبۇكى، مەزكۇر «موي» بىلەن «مويسىپىت» دېگەن كەلىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە مۇناسىۋەت باردۇر؟ «زاراتگاھ» تىكى «گاھ» سۆزنىڭ مەنىسى تىلىمىزدىكى «سەيلىگاھ»، «جەڭگاھ»، «مەنزىلگاھ» ۋە «ھېيتگاھ» دېگەن كەلىمىلەردىكى «گاھ» بىلەن ئوخشاشمىدۇر؟ ئەگەر ئوخشاش بولسا، «زارات» دېگەن نېمە ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان گەپ؟ دېگەن سوئاللار تۇغۇلىدۇ. ئەمدى، بۇ سوئاللارغا ئۇيغۇر تىل تارىخىدا، ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلىتىلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى جاۋاب بېرىدۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سەللىمازا» سۆزى ئەسلىدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئىزافەت بولۇپ، ئەدەبىي تىلدىكى تەلەپپۇز شەكلى «سەلىمۇلئەئزا» ئىدى. ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان «سەلىم» (ساغلام، ساق، مۇكەممەل) كەلىمىسى بىلەن «ئەئزا» (ئە:زا) سۆزىنىڭ ئەلفلام (الـ) لىق بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «ئەزالىرى ساق - سالامەت» ئۇقۇمىدىكى مەزكۇر «سەلىمۇلئەئزا» بىرىكمىسى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا «سەللىمازا» تەلەپپۇز قىلىنىپ، «پۈتۈنلەي، تولۇق» ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىدىغان سۆز بولۇپ قالغاندۇر؛ ھازىرقى تىلىمىزدىكى «مويسىپىت» سۆزىمۇ ئەسلىدە، «تۈك، قىل» ئۇقۇمىدىكى «موي» كەلىمىسى بىلەن «ئاق، ئاق رەڭلىك» مەنىسىدىكى «سەفىد» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «مويى سەفىد» شەكلىدىكى پارسچە ئىزافەت بولۇپ، ئالتە ئەسىرلىك ئۆزلەشمە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، بۈگۈنكى «مويسىپىت» تەلەپپۇزىدىكى سۆزگە ئايلىنىپ قالغان؛ «زاراتگاھ» سۆزىگە كەلسەك، ئۇ ئەسلىدە ئەرەبچە «زىيارەت» سۆزى بىلەن پارسچە «گاھ» (مەيدان، يەر) كەلىمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «زىيارەتگاھ» شەكلىدىكى بىرىكمە سۆز

بولۇپ، كېيىنچە جانلىق تىلدا «زاراتگاھ، زاراتكا» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ياد ئېتىپ تورۇش ئۈچۈن، مەخسۇس ئاي ـ كۈنلەردە زىيارەت قىلىنىدىغان جاي ـــ «قەبرىستانلىق»نى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ قالغانكى، دېھقانلار بۇ سۆزنى كۆپىنچە «زاراتلىق» (زىيارەتلىك جاي) شەكلىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە ۋە باشقىلار.

روشەنكى، مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇلاردىكى فونېتىك ئۆزگىرىش قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش، ئەمەلىيەتتە تىلىمىزنىڭ پەخىرلىك ئۇزاق تارىخىنى يورۇتۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىلمىي قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ياخشى ئۆگەنگەندە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇچرايدىغان، كلاسسىك شائىرلارغا تەقلىد قىلىنغان شېئىرلارنى ياخشى چۈشەنگىلى ۋە ئۇلاردىكى بەدىئىي گۈزەللىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، ھازىرغىچە بولغان پۈتكۈل تىل تارىخىمىزدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سالمىقى ئەڭ زور ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ ئۆلمەس نامايەندىلىرىنىڭ بۈيۈك ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرى تەبىئىي ھالدا، كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشنى، ئەسەرلىرىدە ئۇلارغا تەقلىد قىلىشنى ئىپتىخارلىنارلىق ئىش بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەردە، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىلا ئەڭ ياخشى ئىزاھلىيالايدىغان سۆز ـ ئاتالغۇلار ھەمىشە ئۇچراپ تۇرغاندىن باشقا، خۇسۇسەن غەزەل ژانىرىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى كلاسسىك شائىرلارغا تەقلىد قىلىنغان گراممatik قۇرۇلمىلارمۇ دائىم كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق:

*«قەسەم بىللا سېنىڭدەك يارۇ جانان تېپىلماس،*
*ۋەسلىڭ ئۈچۈن مېنىڭدەك شەيدايى جان تېپىلماس.*
*........*
*ئۆلگەننى تىرىلدۈرگەن بولسا مەسىھ ئۇ زامان،*
*ئەمدى جانغا سېنىڭدەك ئارامى جان تېپىلماس.»*

(ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، 62 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىدىكى تۆت مىسرا ئىچىدىكى، «مەسىھ» (ئىيسا پەيغەمبەر) سۆزىدىن باشقا، «بىللا» (توغرىسى ‹بىللاھ› بولۇشى كېرەك)، «يارۇ جانان»، «شەيدايى جان» ۋە «ئارامى جان» قۇرۇلمىلىرى پەقەت چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ساۋاتى ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ توغرا شەرھىنى تاپىدۇ. مەسىلەن، «بىللاھ» ئەسلىدە ئەرەبچە قۇرۇلما بولۇپ، ئۇ ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» بىلەن «ئاللاھ» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ

مەنىسى «ئاللاھ بىلەن» دېگەنلىك بولىدۇ؛ «يارۇ جانان» بولسا، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى تەڭداش بىرىكمە («ۋە» بىرىكمىسى) قۇرۇلمىسى بولۇپ، «يار» بىلەن «جانان» ئوتتۇرىسىدىكى «-ئۇ» تاۋۇشى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى نەسرىي ئەسەرلەردە «ۋە» ئوقۇلىدىغان؛ نەزمىي ئەسەرلەردە بولسا، «-ئۇ» ياكى «يۇ» (مەسىلەن، «كېچەيۇ كۈندۈز» دىكى «-يۇ» غا ئوخشاش) ئوقۇلىدىغان تەڭداش بىرىكمە بەلگىسى «ئۇ» ھەرپىدىن كەلگەن. ئەمدى، «شەيدايى جان» بىلەن «ئارامى جان» لارغا كەلسەك، بۇلار چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى تەڭسىز بىرىكمە قۇرۇلمىسى — ئىزافەت بولۇپ، بۇ قۇرۇلمىلاردىكى ئالدىدا كەلگەن «شەيدا» ۋە «ئارام» سۆزلىرى ئېنىقلانغۇچى سۆز، «جان» كەلىمىسى بولسا، ئېنىقلىغۇچى سۆز ھېسابلىنىدۇ. بىرىكمە سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى «ى» بوغۇمى بىلەن «-ئى» قوشۇمچىسى بولسا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىك قائىدىسى بويىچە قوشۇلغان قوشۇمچىلار بولۇپ، مەزكۇر بىرىكمىلەرنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى يېشىمى ۋە تۈزۈلمىسى «جانىنىڭ شەيداسى، جان پىدا قىلغۇچى، جېنى بىلەن بېرىلگەن»، «جانىنىڭ ئارامى» شەكلىدە بولىدۇ.

دېمەك، بىزدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ساۋاتى بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر غەزەللىرىدىكى، مۇقام تېكىستلىرىدىكى مۇشۇ خىل قۇرۇلمىلارنى بىمالال چۈشىنەلەيمىز ۋە ئۇلاردىن تېگىشلىك زوق ئالالايمىز.

ئۈچىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي بىلىملىرى بويىچە مەرىپەتلىك بولغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەردە ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلگىلى ۋە ئۇلارنى ئىلمىي ھالدا توغرا شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ بوغۇم قۇرۇلمىسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سوزۇلۇش چېكى جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن:

| باش بوغۇمدا قىسقا «ئا، ئە» | باش بوغۇمدا ئۇزۇن «ئا، ئە» |
|---|---|
| ئاكا (aka) | ئادەم (a:dɛm) |
| ئەخەت (ɛxɛt) | ئەمەت (mɛt:ɛ) |
| جاكار (dʒakar) | جاھىل (dʒa:hil) |
| مەخلۇق (mɛxluq) | مەدىكار (mɛ:dikar) |

دېگەنلەرگە ئوخشاش (بۇ خىل ئەھۋال سۆزلەرنىڭ ئاياغ بوغۇم ۋە ئارا بوغۇملىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.)

ئەمدى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن بىلدۇقكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، ئەرەب - پارسچىدىن نۇرغۇن سۆزلەملەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ، مەزكۇر چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىش جەريانىدا، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگەن ئەرەب - پارس تىللىرى فونېتىكىسىنىڭ تەسىرىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغىمۇ سىڭدۈرگەن. نەتىجىدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مۇئەييەن دائىرىلىك ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسى شەكىللەنگەنلىكى، يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگەن «ئادەم» ۋە «جاھىل» سۆزلىرىدىكى «a:» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشى ئاشۇ خىل

ئۇزلەشمە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش سانىلىدۇ. «ɛ:mɛt» (ئەمەت) ۋە «mɛ:dikar» (مەدىكار) سۆزلىرىگە كەلسەك، ئۇلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، «ئەھمەد» ۋە «مەردىكار» تەلەپپۇزىدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر بولۇپ، ئۇزۇن ۋاقىت قوللىنىلىشى جەريانىدا، مەزكۇر سۆزلەردىكى «ھ» ۋە «ر» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىش نەتىجىسىدە، ھازىرقى «ئەمەت» (ɛ:mɛt) ۋە «مەدىكار» (mɛ:dikar) سۆزلىرى بولۇپ قالغانىكى، بۇ سۆزلەردىكى «ɛ» (ئە:) ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشى بولسا، ئۇيغۇر تىلىغىلا خاس بولغان شەكىللەنمە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەرىپىتى ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدا، «ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار» دېگەن بىر بابنى ئېچىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈرلۈكىنى نەزەرىيە ئاساسى بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ.

بەشىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە ئوبدان تەتقىق قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوستاۋىدىكى سۆز مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى ۋە كۆچۈشى، شۇنىڭدەك سۆز ـ كەلىمىلەرگە كۆچمە مەنىلەرنىڭ يۈكلىنىشى قاتارلىق سېمانتىكىلىق ھادىسىلەرنى دادىغا يەتكۈزۈپ شەرھلەپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، «چوكان» (tʃo:kan) كەلىمىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرىدە، «يېڭىلا تويى بولغان ياش ئايال، جۇۋان، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ئەتىياز مەزگىلىدە بىخلىنىپ، كۆكىرگەن ئۇزۇن تېلى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) 430 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.) ئەمما، مەزكۇر «چوكان» سۆزىنىڭ ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەردە «چەۋگان» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىپ، «ئات توپى تايىقى، ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، يەردىكى توپنى ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئۇزۇن تاياق» دېگەن ئۇقۇمدا ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن:

*«كەس باشىمنى گۇيىيتەك خەيلىڭ ئاداقى گەچرە سال،*

*گويىيا سەرگەردان مېنى گى، زۇلفى چەۋگانىم مېنىڭ.»*

(ئەي، ئات توپى تايىقىدەك ئۇزۇن چاچلىق يارىم، مېنى مۇنداق سەرگەردان قىلغۇچە، بېشىمنى كېسىپلا ئاتلىرىڭنىڭ ئايىغىغا توپ قىلىپ تاشلاپ بەرگىن..) (لۇتفى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 240 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى)؛ ھازىرقى تىلىمىزدا: «ئاساسىي بىلىم، باشلانغۇچ چۈشەنچە، ئۇقۇش ـ يېزىشنى بىلىش» ئۇقۇمىدا ئىشلىتىلىۋاتقان «ساۋات» سۆزىنىڭ ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «سەۋاد» تەلەپپۇزىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەنىسى «قارا، قارا رەڭ» ئىكەنلىكى ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ يەنە بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدا، «ئەقىلسىز، دۆت» مەنىسىدە ئىشلىتىلىۋاتقان «كالۋا» كەلىمىسىنىڭ ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «كەللەۋار» شەكلىدە بولۇپ، ئۇ «كاللىدەك، كاللەك» ئۇقۇمىدا قوللىنىلغانلىقى كۆرۈلىدۇ؛ ھازىرقى تىلىمىزدا، «ئىنتايىن تۈزلۈق» مەنىسىدە قوللىنىلىۋاتقان «شاكىراب»

سۆزىنىڭ ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «شەكەراب» شەكلىدە بولۇپ، ئۇ شېكەر سۈيى، سۈيۇق شېكەر، ئىنتايىن تاتلىق» ئۇقۇمىدا قوللىنىلغانلىقى مەلۇم. ئەمدى، بۇ خىل سۆزلەردە زادى نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق مەنە ـ ئۇقۇم ئۆزگىرىشى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىنىڭ ھەربىرىدە بىر ئېتىمولوگىيىلىك ھېكايە باركى، بۇلارنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت قوللىنىلىش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئۆزىگە خاس سېمانتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلىرى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ماۋزۇنىڭ مۇپەسسەل بايانى ئۈچۈن، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى» ناملىق كىتابنىڭ «ئۇيغۇر تىلىدىكى سېمانتىكىلىق ھادىسىلەر» تېمىسىدىكى تۆتىنچى بابىنى ئوقۇپ كۆرۈش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئالتىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەرىپىتى ئۇيغۇر يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا، كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يەر ناملىرى ئىلمى تەتقىقاتى ئەمەلىيەتتە، تىل تەتقىقاتى، خۇسۇسەن قەدىمكى تىل تەتقىقاتى ئارقىلىق، ئۆز مېۋىلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ھالبۇكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كلاسسىك تىلى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇيغۇر يۇرتىدىكى نۇرغۇنلىغان يەر جاي ناملىرىغا ھەقدارلىق قىلىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە، يېڭىسار، ئەسكىسا (ياكى ئەسكىسار)، پايناپ، بەشكېرەم، كېرەمباغ، چارۋاغ، لەڭگەر قاتارلىق يەر ـ جاي ناملىرى بىر ئەمەس، بىرقانچە جايدا تەكرارلىنىدۇ. ئەمدى، بۇ ئىسىملار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ «ياڭى ھىسار، ئەسكى ھىسار، پايىنى ئاب، بېش كەرەم، كەرەمباغ، چەھار بار، لەنگەر» تەلەپپۇزلۇق ئەسلىي شەكىللىرىنى ئىسپات قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇقۇم جەھەتتە، «يېڭى قەلئە (ياكى يېڭى شەھەر)، كونا قەلئە (ياكى كونا شەھەر، ئاياغسۇ، ئۇزۇمزارلىق، ئۇزۇملۇك باغ، كۆجۈمباغ، قونالغۇ (ياكى ئۆتەڭ)» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىنىدۇ. ھەتتا ئەزىم ئانا دەريايىمىز تارىم ۋە بۈيۈك چۆلىمىز تەكلىماكان ھەققىدىمۇ، خوتەنلىك ئاتاقلىق ئالىم مۆجىزى ئۆزىنىڭ 1855 ـ يىلى قەلەمگە ئالغان مەشھۇر ئەسىرى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) دا: «سۇلتان ۋۇزەرا، ئۇمەرا، لەشكەرلەرى بىلە پايتەخت ياركەنددىن ئاتلىنىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەرك ماكان دەشتىگە شىكارغە يۈزلەندىلەر» دەپ يازغان (قاراڭ: شۇ ناملىق ئەسەر، قولىيازما قىسمى 34 ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى). ئەمدى، ئالىمنىڭ ئاشۇ يازغىنى بويىچە ئىزاھلىغاندا، «تارىم دەرياسى» دېگەن «پەلەك دەرياسى» دېگەنلىك بولىدۇ؛ «تەرك ماكان دەشتى» بولسا، «(قوم بېسىپ كەتكەنلىكتىن) تاشلىنىپ كەتكەن ماكان» دېگەنلىك بولىدۇ.

دېمەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەنسەك ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازما ئەسەرلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئوقۇساق ۋە بېرىلىپ تەتقىق قىلساق، قەدىمىي يۇرتىمىزنىڭ كوچا ـ كويلىرىدىن تارتىپ، تاغ ـ دەريالىرىغىچە قويۇلغان ئىسىم ـ ناملارنى تىلشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق ئىلمى ئاساسىدا شەرھلەپ كۆرسىتەلەيمىز.

يەتتىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ساۋاتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىنىڭ سەۋىيە-
سىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.
ئادەتتە، لۇغەتچىلىك ئۆز ئالدىغا ئايرىم تارماق پەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ

نەتىجىسى ئۆز نۆۋىتىدە، بىر تىل لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساسلىق دەلىل بولۇپمۇ سانىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرى لۇغەتچىلىك تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسىنى دەۋر قەدىمى بىلەن تەڭ ئۆستۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ مېڭىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار تۈرك دۇنياسى تىلشۇناسلىقىنىڭ كارۋان بېشى ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى ۋە لۇغەتچىلىكىنىڭ پېشۋاسى مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇ تۈزگەن بۈيۈك قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن قانچىلىك ئىپتىخارلانسا ئەرزىيدۇ. كۆز ئەگمىسۇن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى، خۇسۇسەن لۇغەتچىلىكنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئومۇمىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خېلىلا ئوبدان. بولۇپمۇ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، جاھان تۈركولوگلىرى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بۇ ئاساسلىق تەرەپ. بىراق، ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، سەممىيەت ۋە «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئۇيغۇر ھەقىقەتچىلىكى بىلەن باھا بېرىدىغان بولساق، تۈزۈپ ئېلان قىلىنغان ئىملا، تەلەپپۇز لۇغەتلىرىمىزدىن تارتىپ، ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمىزغىچە بولغان ئومۇمىي لۇغەتچىلىكىمىزدە، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە جىددىي كەمچىلىكلەر ئاز ئەمەس. مىسال ئۈچۈن، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى ئالساق، بۇ يىرىك ئەسەرنىڭ ئالدى بىلەن، ماۋزۇسىنىڭ زامان چېكى ئېنىق ئەمەس. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى بويىچە ئىپتىدائىي بىلىمگە ئىگە ئىنسان بىلىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى زامان - دەۋر چېكى ئۆزايىدىن، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» ، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ۋە «ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. شۇڭا، ئەگەر 1999 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان قولىمىزدىكى بۇ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى بولىدىغان بولسا، زامان چېكىنى ئېنىق قىلىپ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دەپ يېزىش كېرەك؛ ئەگەر مەزكۇر لۇغەتنىڭ ماۋزۇسىدا دېيىلگەن ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى چاغاتاي ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلسە، ئۇ ھالدا، لۇغەت ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلۈكلەرنىڭ ئىزاھىدىكى كەمتۈكلۈك، ھەتتا خاتالىقلارنى بىرمۇبىر تۈزىتىش كېرەك. ئالايلۇق، لۇغەتتە بېرىلگەن «دىۋانە، سائىل، قەلەندەر» سۆزلىرى، ھەتتا «ئابدال» دېگەن سۆزمۇ قوشۇلۇپ ھەممىسى «كىشىلەردىن سەدىقە سوراپ، نەرسە - كېرەك تىلەپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى، تىلەمچى» دەپ ئىزاھلانغان. ئەمما، بىز مۇنىڭدىن 70 - 80 يىل بۇرۇن يېزىلغان قوليازما ئەسەرلەرنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بۇ سۆزلەردىن «ئابدال»نىڭ مەخسۇس بىر ئىنسانلار توپىنى، يەنى بىر جامائەت ئىنسانىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولغاندىن باشقا، «دىۋانە» كەلىمىسىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى «ساراڭ، مەجنۇن، ئېرۋۇسىدىن ئاداشقان ئىنسان» ئىكەنلىكى؛ «سائىل» سۆزىنىڭ «سورىغۇچى» دېگەن بولىدىغانلىقى؛ «قەلەندەر» سۆزىنىڭ بولسا، «دەرۋىش» دېگەنلىك بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ھۇسەيىن تەجەللى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا يازغان «قارا ھەققىدە قەسىدە» ماۋزۇلۇق ئەسىرىدە:

**«قارغا ئاۋازىن ئىشىتسەم ئۈيدە، چىققۇم ئاتقەرى،**
**قارا قاسىدا قارغىلىقتىن كەلدى دەپ دىۋانەۋار»**

دەپ نەزم-تۈزگەن (قاراڭ: «چاغاتاي تىلى» 139 ـ بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،
1986 ـ يىل نەشرى). روشەنكى، بۇ يەردىكى «دىۋانەۋار» ھەرگىزمۇ «تىلەمچىدەك»
دېگەنلىك بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ بېيىتقا: «ئۆيدە ئەگەر سىرتتىكى قاغىنىڭ قاقىلدىغان شۇم
ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسام، قاغىلىقتىن قارا خەۋەرچى كەلگەن بولمىسۇن يەنە دەپ،
مەجنۇنلارچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىمەن» دەپ يېشىم بېرىمىز. يەنە دېسەك، مەزكۇر لۇغەت-
تە، «دىۋان» دېگەن سۆزگە پارسچە لۇغەتلەردىكىنى كۆچۈرۈپلا «شېئىرلار توپلىمى، توپلام»
دەپ ئىزاھ بېرىپ، ئۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەزەلدىن تارتىپ، «بۈيۈك لۇغەت، قامۇس»
مەنىسىدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن كۆز يۇمۇش تولىمۇ خاتا بولغان. چۈنكى، بۈيۈك
ئالىم بوۋىمىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا، نورمال لۇغەتلەرگە ماۋزۇ قىلىنغان
«مەئجەم، لۇغەت» سۆزلىرىنى ئەمەس، بەلكى «دىۋان» سۆزىنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ ئۇ يىگىرمە
ئۈچ مىللەتنىڭ تىل ماتېرىياللىرىنى مۇجەسسەم قىلغان تەڭداشسىز بۈيۈك ئەسىرىگە ماۋزۇ
قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا، مەزكۇر «دىۋان» كەلىمىسىنىڭ لۇغەتلەرگە ئىشلىتىلگەندە، «قا-
مۇس، بۈيۈك لۇغەت» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ئەڭ ۋەزنىلىك پاكىتتۇر.
شۇنىڭ ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى خەنزۇ ئالىملار 突厥语大词典 دەپ ئېنىقلا
تەرجىمە قىلغان. (قاراڭ: 《突厥语大词典》,民族出版社 2002 年).

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى باركى، دەل «ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئىزاھلىق لۇغىتى» قاتارلىق مۆتىۋەر لۇغەتلىرىمىزدە، «دىۋان» كەلىمىسىنىڭ ئەسلىي
مەنىسى ئەرەبچە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىگەن ھالدا، «پارسچە سۆز: شېئىرلار توپلىمى، توپلام»
دەپلا ئىزاھلىنىپ (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) 548 ـ بەت.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى)، ئۇنىڭ «بۈيۈك لۇغەت، قامۇس» دېگەن
ئىزاھى بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزەن بىلىم ئىگىلىرى «دىۋان» كەلىمىسىنى «بۈيۈك
لۇغەت» دەپ ئىزاھلاشقا لۇغەت ئاساسى كەمچىللىك قىلىدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ، «تۈر-
كىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھەقىقىي ئالىملار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن 《突厥语大词典》 دېگەن
خەنزۇچە تەرجىمىسىنى غەرەزلىك ھالدا بۇزۇپ 《突厥语词典》 دەپ ئىشلەتمەكتە. (قا-
راڭ: 《突厥语词典》语言研究. 中央民族大学出版社, 2001 年版) شەكسىزكى، بۇ
ئىلمىي جەھەتتىنمۇ، قانۇنىي جەھەتتىنمۇ ئوخشاشلا بىر خاتا قىلمىشتۇر.

قىسقىسى، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى ساھەمىزدە ساقلىنىۋاتقان يېتىشسىزلىكلەر،
كەمچىللىكلەر خېلى بار، بۇلارنى تۈزىتىشىمىز لازىم. لۇغەتچىلىك ساھەسىدىكى يېتىشسىز-
لىكلەرنى تولۇقلاش ۋە كەمچىللىكلەرنى تۈزىتىش جەھەتتە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا دائىر
ئاساسىي بىلىملەر ھەقىقەتەنمۇ ئەسقاتىدۇ.

سەككىزىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەرىپەتى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە
توغرىلاپ ئىشلىتىش خىزمىتىدە دەردىمىزگە يېتىدۇ.

تىلنى تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت، ئۇنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

تەرەققىي قىلغان تىللارنىڭ ھەممىسىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە گەپ - سۆزلەرنى توغرىلاپ ئىشلىتىش مەسىلىسى نۆۋەتتىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىمۇ يېڭىدىن - يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، مەيلى كلاسسىك سۆز - ئاتالغۇلارنى قېزىپ ئىشلىتىش پرىنسىپى ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى يېڭىدىن سۆز - ئاتالغۇ ياساپ ئىشلىتىش قائىدىسى ئۈچۈن بولسۇن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلىمى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ چۈشىنىشلىك ۋە چۈشەندۈرۈشلۈك بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ. بۇ چۈشەنچىمىزنى ئېنىقراق قىلىپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا، تەلەپپۇز ۋە ئىزاھلىق لۇغەتلىرىدە، شۇ چاغقىچە «ئاللاھ»، «خالىماق»، «مەسچىت» ۋە «نورۇز» دەپ يېزىلىۋاتقان بۇ تۆت سۆزلۈكنى مۇزاكىرىگە قويىمىز.

«ئاللاھ» سۆزى 1999 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە: «خۇدا، تەڭرى، پەرۋەردىگار» دەپ ئىزاھلانغان (قاراڭ: شۇ ناملىق لۇغەت، 49 - بەت). مەلۇمكى، «ئاللاھ» مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەبۇدىسى ۋە تەڭداشسىز ئىلاھىنىڭ مۇبارەك نامى. ئۇ ئەرەبچە كەلىمە بولۇپ، ئەرەب يېزىقىدا «الله» دەپ يېزىلىپ، «ئەللاھ// ئاللاھ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. دۇرۇس، «ھ» ۋە «ر» تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قويۇش ئادىتى بار ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بۇ سۆزنى «ئاللا» دەپ ئىشلىتىدىغانلىقى ئەمەلىيەت. ئەمما، «اللەاكبر» دېگەن جۈملىگە كەلگەندە، ھەممە ئادەم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇكى، بۇ يەردە «ئاللاھ» كەلىمىسىدىكى «ھ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈرۈپ قويۇلسا بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. يەنە دېسەك، تىل - يېزىقنىڭ ئاداققى مەقسىتى زىيالىينى دېھقانلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى دېھقاننى زىيالىيلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىملا دېگەن بىلەن، ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەبۇدىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلالماسلىق ۋە توغرا يازالماسلىقتىنمۇ ئۇسال ئەيىب يوقتۇر. شۇڭا، ئىملا ۋە تەلەپپۇزدىكى مەزكۇر نۇقساننى جەزمەن ۋە ئەڭ تېز پۇرسەتتە تۈزىتىشىمىز لازىم.

«ئىختىيار قىلماق، مەيل قىلماق» ئۇقۇمىدىكى «خاھلىماق» دەپ سۆزىدىن «ھ» ھەرپىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، «خالىماق» يېزىش ۋە «پوقلاق» نىمۇ «خالا»، «ئىختىيار قىل، مەيل قىل» دېگەننىمۇ «خالا» دېيىشىنىڭ نەقەدەر ئىلىمسىزلىك ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. ئۇنىڭسىزمۇ «خاھلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزۈكى بولغان «خاھ» سۆزىدىن ياسالغان باغلىغۇچى سۆز «خاھى» نىڭ ئەمەلىيەتتە «مەيلى» باغلىغۇچىسى بىلەن ئوخشاش ئۇقۇم ۋە ئوخشاش قىممەتتە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ، مەزكۇر «خاھلىماق» كەلىمىسىدىكى «ھ» ھەرپىنى يېزىقتا ۋە تەلەپپۇزدا چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوقلۇقىنى دەلىللەيدۇ.

«مەسچىت» كەلىمىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ «مەس» بىلەنمۇ، «چىت» بىلەنمۇ ھېچ ئالاقىسى يوق، بەلكى ئەرەب يېزىقىدىكى «س، ج، د» ھەرپلىرىدىن تەشكىل تاپقان «سەجدە» سۆزى ۋە ئۇ بىلدۈرگەن خاس ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «ئاللاھ ئۈچۈن سەجدە قىلىنىدىغان جاي، مۇسۇلمانلارنىڭ جەم بولۇپ ناماز قىلىنىدىغان ئىبادەتخانىسى» دېگەنلىك بولىدۇ (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، 1030 - بەت). ھازىرقى تىلىمىزدا، مەزكۇر «س، ج، د» ھەرپلىرىدىن تەشكىل تاپقان «ساجىدە» سۆزى

«ئاللاھقا سەجدە قىلغۇچى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە، ئاياللار ئىسىملىرى
قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يازما ئەسەرلىرىمىزدە، «مەسجىدى ھەرام» (مەككىدىكى ھەرەم مەس-
جىدى) دېگەن بىرىكمە ھەممىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئىملا، تەلەپپۇز ۋە ئىزاھلىق
لۇغەتلىرىمىزدەك «مەسچىت» سۆزىنى توغرىلاپ، «مەسجىد» قىلىپ ئىشلەتكەندىلا، چۈشى-
نىشلىك ۋە چۈشەندۈرۈشلۈك بولىدۇ.
ئىملا، تەلەپپۇز ۋە ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمىزدىكى «نورۇز» (no:ruz) كەلىمىسىنى
«نەۋرۇز» قىلىپ ئىشلىتىش توغرىسىدا، ئالىملىرىمىز خاس ماقالىلەر يازدى، زاكۇن
ئاساسى بىلەن چۈشەندۈردى. بىراق، ھوقۇقدار لۇغەتشۇناسلىرىمىز: «دېھقانلىرىمىز ‹نو-
روز› دەيدۇ، يەنە ‹نورۇزگۈل، دېگەن سۆزمۇ بارغۇ» دېگەنلەرنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىپ،
ئۆزگەرتكىلى ئۇنىمايلا كەلدى. ئەمەلىيەتتە، يېزىق تىلىمىزدا «نەۋ» دېگەن بىر سۆز بار
بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «يېڭى، ياش؛ باش، تۇنجى» دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن، نەۋجۇ-
ۋان: ياش ئايال؛ نەۋباھار: باش باھار، دېگەنلەرگە ئوخشاش (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئىزاھلىق لۇغىتى» ‹قىسقارتىلمىسى›، 1108 ـ بەت). ئەڭ مۇھىمى، «نەۋرۇز» قىلىپ
ئىشلەتكەندىلا، بۇ كەلىمىنىڭ «نەۋ» (يېڭى) سۆزى بىلەن «روز» (كۈن) سۆزىدىن تەشكىل
تاپقان بىر بىرىكمە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ «باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى» دېگەنلىك بولىدىغانلىقى
ئوقۇشلۇق ۋە چۈشىنىشلىك بولىدۇ. يەنە دېسەك، نەۋرۇز بايرىمى ئۆتكۈزىدىغان قېرىنداش
مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى «نەۋرۇز» دېسە، بىز ئۇيغۇرلار «نورۇز» دېسەك، خۇددى دۇنيادىكى
پۈتكۈل مۇسۇلمانلار «ئاللاھ» دېسە، پەقەت بىزلا «ئاللا» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ ۋە يېزىپ
يۈرگەندەك داڭقان پۈتى گەپ بولىدۇ، خالاس.
ئۇنىڭدىن باشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ساۋاتىمىز ياخشى بولغاندىلا، ئاندىن تىلىمىزدىكى
ئۇزاق ئەسىرلىك دېھقانلارچە تەلەپپۇز قىلىش جەريانىدا، ئانچە گۈزەل ۋە چۈشىنىشلىك
بولمىغان شەكىلدە مۇقىملىشىپ قالغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى توغرا تەلەپپۇزلۇق
شەكلىنى ئىزاھلاپ كۆرسىتەلەيمىز ۋە خەلقىمىزنى، خۇسۇسەن زىيالىيلىرىمىزنى توغرا
تەلەپپۇزلۇق شەكلىنى ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلالايمىز ۋە يېتەكلىيەلەيمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە،
سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە قائىدىلەشتۇرۇش خىزمىتىدە جەزمەن قىلىشقا تېگىش-
لىك مۇھىم بىر ئىش سانىلىدۇ. ئالايلۇق، ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «سەللىمازا»
كەلىمىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە «سەللە» بىلەنمۇ، «مازا» بىلەنمۇ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق،
ئېتىمولوگىيىسى ئەرەبچە بولغان بىر سۆز ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىكەنمىز (قاراڭ: «ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ‹قىسقارتىلمىسى›، 623 ـ بەت)، بۇ ھالدا، ئەرەبچىدىكى
تەلەپپۇزلۇق شەكلىنى يۈزدەيۈز ئەينەن كۆرسىتىپ كەتمىسەكمۇ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
دەۋرىدە خەلقىمىز ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەن «سەلىمۇلئەزا» سۆزىنى بىر ئايرىم ماددا قىلىپ
كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىزاھىغا «‹سەللىمازا› سۆزىگە قاراڭ» دەپ كۆرسەتمە بېرىپ قويساق
كۇپايە. يەنە دېسەك، مەزكۇر ئىزاھلىق لۇغىتىمىزدە ئىزاھلانغان «خايان» ۋە «خايناخا»
سۆزلىرىنىڭمۇ (قاراڭ: شۇ ناملىق لۇغەت ‹قىسقارتىلمىسى›، 472 ـ بەت) چاغاتاي
ئۇيغۇرچىسىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى، «خايان» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا،
«خاھ» سۆزىنىڭ رەۋىش شەكلى «خاھان» تەلەپپۇزىدا، «خايناخا» كەلىمىسى بولسا، «خاھ ـ

ناخاھ» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. ئەمدى، بۇ سۆزلەرنىڭ توغرا تەلەپپۇزلۇق شەكلىنى بۈگۈنكى لۇغەتلىرىمىزدە ئىزاھلاپ كۆرسىتىپ قويساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك ئۆزگىرىش قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشتىمۇ، خەلقىمىزنى سۆز - ئاتالغۇلارنى توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئىشلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىمۇ ئوخشاشلا پايدىسى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، لۇغەتچىلىك — تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ھوسۇل كۆرەك مەيدانى. ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى ساھەسىدە، مىللىي تىلشۇناسلىقىمىزنىڭ بەرىكەتلىك ھوسۇللىرىنى جايىدا نامايان قىلىمىز دېسەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلىمىنىڭ ئومۇملىشىشىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشىمىز، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىمىز لازىم.

توققۇزىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەرىپىتى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يەتكۈزىدۇ، قىممىتىنى تېخىمۇ ئارتتۇرىدۇ.

ئەڭ نەق گەپ بىلەن ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دېمەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تىلى دېمەكتۇر. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى شۇ قەدەر سېھىرلىك ۋە شۇ قەدەر جازىبىدار قىلغان نەرسە ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئۈچ يۈز ئاتمىش ئاھاڭدىن باشقا، ئۇ گۈزەل ئاھاڭلارغا «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» كەبى ياراشقان، ئۆزىنىڭ پۈتمەس كۈچى ئارقىلىق، ئۇ گۈزەل ئاھاڭلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان ۋە جىلۋىلەندۈرگەن بىباھا شېئىرىي تىلدۇر. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەجدادتىن - ئەۋلادقا ئىز بېسىپ تەتقىق قىلىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ CD، VCD ۋە DVD پلاستىنكىلىرى ئىشلىنىپ، جاھانغا تارقىتىلدى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ سېھىرلىك گۈزەل ئاھاڭلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇزىكانتلارنىڭ ھەيرانۇھەسلىك ئىچىدىكى دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە رام قىلغانسېرى، ئۇنىڭ بىباھا ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرىمۇ ئەدىبلەرنىڭ ۋە تىلچىلارنىڭ ھەۋەسلىك نەزەر سېلىشىغا مۇيەسسەر بولماقتا. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دېگىنىمىز، گۈزەل مۇزىكا ئاھاڭى بىلەن گۈزەل تېكىست تىلىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن بىر گەۋدىسىدۇركى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئۇنىڭ تېكىست تىلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ھېچ ئايرىلالمايدۇ. مۇشۇ چىنلىقنى چىقىش قىلىپ شۇنداق ئېيتالايمىزكى، پەقەت چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ تىل ئەۋزەللىكىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەن چېغىمىزدىلا، ئاندىن بىز ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك ۋە نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىمىز.

ھاسىلكالام، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەرىپىتى ھەرگىزمۇ زورلاپ سېتىلىدىغان ئۆتمەس ماتا ئەمەس، بەلكى ئۇ تىل - يېزىقىمىز باش بەلگە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى تەرەققىياتى ئۈچۈن داۋاملىق تۆھپە ئاتا قىلىدىغان ئاتا مىراس خەزىنىمىزدۇر. ھالبۇكى، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈردۇر.

# «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەخلاقىي دۇردانىلار

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

## بسم الله الرحمن الرحيم

*كىشىگە تەشەككۈر ئېيتمايدىغان ئادەم، خۇداغىمۇ تەشەككۈر ئېيتمايدۇ.*

— «40 ھەدىس»تىن

### مەنىۋى ئەخلاق تەلىپىدە «شۈكرى»نىڭ مەرتىۋىسى

«قۇرئان كەرىم»دە تەڭرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلغان مۇھىم ئەخلاقىي دەۋەتلىرىنىڭ بىرى «شۈكرى» كەلىمىسىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن. چۈنكى، تەڭرى بەندىلەرنى شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇغان، ناشۈكۈرلۈك بىلەن تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، تەڭرىنىڭ چەكسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچىلارغا نېمەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدىغانلىقى، ساۋابىنى ئۈزۈلدۈرمەي بېرىپ تۇرىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە قىلغان.

«قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەرلەرگە ۋە پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق پۈتۈن مۆمىنلەرگە شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: «يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن.»[1] يەنە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا كاتتا ئىنئام بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقى ئارقىلىق شۈكۈر قىلغۇچىنىڭ تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى: «ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، ئاللاھقا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى، يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى. ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك - شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ.»[2]

قۇرئاندا تارىختا تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرى نېمەتلىك قىلغانلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئىبرەت سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا: ‹ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگۈچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز›، دېدىڭلار - دە (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى. ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 39 - سۈرە زۇمەر 65 - 66 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «قۇرئان كەرىم»، 16 - سۈرە نەھل 120 - 122 - ئايەت.

قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق. سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق. سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق (بىز سىلەرگە) «رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ - ئىچىڭلار»، (دېدۇق) ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە تۇزكورلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى.»[1] يەنە مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: «بىز مەيلى قايسى شەھەرگە بولسۇن بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق (شەھەر ئەھلى ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا) ئۇلارنىڭ ئاللاھقا يالۋۇرۇشلىرى (توۋا قىلىشلىرى) ئۈچۈن، ئۇلارنى نامراتلىقتا، كېسەللىككە گىرىپتار قىلدۇق. ئاندىن (ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن) كۈلپەتنى نېمەتكە ئايلاندۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆپەيدى، ئۇلار: «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىغا ھەقىقەتەن كۈلپەتلەر، نېمەتلەر كەلگەن ئىدى (بۇ — زاماننىڭ ئادىتى، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئۇقۇبەت ئەمەس)»، دېدى. ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلدۇق.»[2] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلەك ئادەم دەرھال ئۆز پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ.»[3]

يۇقىرىقى ئەسلەتمىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەڭرى ياراتقان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھەم ئاسىي بولغانلىقىنى ھەم تەڭرىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش شۇ قوۋم، شۇ مۆمىنگە بەخت كەلتۈرسە، تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىش ئېنىقكى، شۇ قوۋم، شۇ كىشىگە ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بەختسىزلىك كەلتۈرىدۇ.

«شۈكۈر» نىڭ مەنىسىنى تار ۋە كەڭ مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. تار مەنىسى تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىش، چەكسىز نېمەتلەردىن مىننەتدار بولۇپ تەڭرىگە ئۆزىنى بېغىشلاش، تەڭرىگە مۇھەببەت بېغىشلاش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كەڭ مەنىدە چۈشەنگەندە، ئۇ مۆمىنلەرنى تەڭرى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان بىر مەنىۋى رىشتە بولۇپ، ئۇ ئاللاھنى دوست تۇتۇشقا، تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئۇنى تونۇش ۋە مىننەتدار بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزىنى ياخشى ئەمەللەرگە ئاتاش، يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتىش ئارقىلىق تەڭرى بىلەن بۈيۈك مەنىۋى باغلىنىش ھاسىل قىلىش تەلىپىدۇر. بۇ تەلەپ يەنە مۇنداق ئۈچ ئەمەل ئارقىلىق ئاندىن تاكامۇللىشىدۇ. بىرىنچى، تەڭرىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ياراتقان پۈتۈن نېمەتلىرىنى تونۇش ۋە چىن كۆڭلىدىن تەستىق قىلىش؛ ئىككىنچى، تەڭرى ياراتقان بۇ چەكسىز نېمەتلىرىدىن مىننەتدار بولۇش ۋە شۈكۈر ئېيتىش. ئۈچىنچى، تەڭرى ئۆز قۇدرەت كامالى بىلەن ئىنسانلارغا ئىرادە قىلىپ ياراتقان بۇ نېمەتلەردىن تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن توغرا ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش.

قۇرئاندا تەڭرى ئىنسانلارغا رەھمەت يۈزىسىدىن ياراتقان بارلىق نېمەتلەرنى تونۇشقا

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۈرە بەقەرە 55 - 57 - ئايەت.
[2] «قۇرئان كەرىم»، 7 - سۈرە ئەئراف 94 - 95 - ئايەت.
[3] «قۇرئان كەرىم»، 16 - سۈرە، نەھل 54 - ئايەت.

چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. «جاسىيە» سۈرىسىنىڭ 12 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:
«ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلى-
دىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز
ئاستىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن) ۋە (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلىشىڭلار
ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى»[1]. «بەقەرە» سۈرىسىدە يەنە مۇنداق
دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر
ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى، ئاللاھنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز
نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار.»[2] «مۇئمىنۇن» سۈرىسىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەر
ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى ياراتتى، سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.»[3]
كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، كائىناتتىكى ھەربىر زەررىچە، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر ھۈجەيرە
تەڭرىنىڭ ئېھسانىدۇر. بۇ چەكسىز نېمەتلەرنى تونۇش ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىنىڭ
ئەمرى ۋە رەھمىتىدىن بولغانلىقىنى بىلىش شۈكۈر قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەلىپى. بىراق،
ئىنسان ھەرگىزمۇ بۇنچە چەكسىز نېمەتلەرنىڭ شۈكرىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولالمايدۇ.
ھەتتا بىر قېتىملىق نەپەسنىڭمۇ، بىرتال چىشنىڭمۇ، بىر تېمىم سۇنىڭمۇ، بىر تال تومۇر-
نىڭمۇ شۈكرىسىنى قىلىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئىبادەت قىلساقمۇ بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرىسىنى
ئادا قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى مۇھىم تەلەپ شۇكى، مانا شۇ چەكسىز
نېمەتلەرنى تونۇش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق تەڭرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش.
كىشىلىك تۇرمۇشتا بىر ئادەمدىن ياخشىلىق كۆرگەن بولساق ئۇنى ياخشى كۆرۈپ
قالىمىز، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىمىز، ئۇنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدار بولىمىز.
بىر ئادەمدىن يامانلىق كۆرسەك، ئۇنى يامان كۆرىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئالاقىنى ئۈزىمىز. ئەگەر
ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىساق، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى
بىلمىسەك، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەخلاقسىز ئادەم سانىلىمىز. گەرچە ساڭا ياخشىلىق
قىلغان ئادەم سېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قايتۇرۇشۇڭنى تەمە قىلمىسىمۇ، سېنىڭ رەھمەت
ئېيتىشىڭغا ھاجەتمەن بولمىسىمۇ، لېكىن سېنىڭ ئۇنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن مىننەتدار بولۇش
ھەققىڭ بار. شۇنىڭغا ئوخشاش، تەڭرى ھەرگىزمۇ بەندىلەرنىڭ شۈكرىسىگە موھتاج ئەمەس،
بىراق، تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇماسلىقنىڭ ئۆزى بىر كورلۇق ۋە تۇزكورلۇق ھېسابلىنى-
دۇ. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. «تەڭرى مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ:
بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ ـ خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ
رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى-
گە كۇفرىلىق قىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ

① «قۇرئان كەرىم»، 45 ـ سۈرە جاسىيە 12 ـ ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە 172 ـ ئايەت
③ «قۇرئان كەرىم»، 23 ـ سۈرە مۇئمىنۇن 78 ـ ئايەت.

ئەلىمىنى ئېيتتى»[1]. تەڭرى يەنە ئىنسانلارغا مول نېمەت ئاتا قىلسا، تەڭرىگە شۈكۈر قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، تەكەببۇرلىشىپ تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق (پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ) ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە (ئاللاھقا يۈزلىنىپ) ئۈز-لۈكسىز دۇئا قىلىدۇ»[2]

بىز بۇ خۇسۇستا تورمۇشتىن مۇنداق بىر ئەمەلىي مىسال كەلتۈرىمىز. ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىر شەيخ سەئدى «بوستان» ناملىق كىتابىدا تۈزكور ئادەملەردىن مىسال ئېلىپ مۇنداق بىر تېپىك مىسالنى ھېكايە قىلىدۇ: «بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئوغلى ئاتتىن يىقىلىپ، بويۇن سۆڭىكى بىر - بىرىگە كىرىشىپ، بويىنى پىلىنىڭ بويىنىدەك گەۋدىسىگە پېتىپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئۇ بويىنىنى بۇرىماقچى بولسا پۈتۈن گەۋدىسىنى بۇرايتتى. يۇرتىدىكى پۈتۈن دوختۇرلار بۇ كېسەلنى داۋالاشقا ئاجىزلىق قىلىشتى. پەقەت يۇنانلىق بىر دوختۇر تومۇرلىرى بىلەن سۆڭەكلىرىنى ئورنىغا كەلتۈردى. ئۇ دوختۇر بولمىغان بولسا، شاھزادە مېيىپ بولۇپ قالاتتى، بەلكىم ئۆلۈپمۇ كېتەتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن شاھزادىنى ساقايتقان دوختۇر ئۇنى ۋە ئاتىسىنى يوقلاپ باردى. ئۇ ياخشىلىقنى بىلمىگەن نان كور پادىشاھ بىلەن شاھزادە ئۇ دوختۇرغا زادى چىراي ئاچمىدى. دوختۇر ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن بۇ مۇئامىلىدىن بەك رەنجىدى ۋە شاھ بىلەن ئوغلى نومۇس قىلىشىنىڭ ئورنىغا ئۇ نومۇس قىلىپ، بېشىنى يەرگە ئەگدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، كېتىدىغان چاغدا مۇنداق دەپ غودۇڭشىدى: «مەن ئۇنىڭ بويىنىنى بۇراپ ئەسلىگە كەلتۈرمىگەن بولسام، بۈگۈن مەندىن يۈز ئۆرۈمەيتتى.»

دوختۇر بۇ ھاقارەتكە قارشى ھۆكۈمدار بىلەن ئوغلىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر تال ئۇرۇق يوللاپ:

«شاھزادە بۇنى ئىسرىقداندا كۆيدۈرسۇن، بۇ ناھايىتى شىپالىق ئىسرىقتۇر» دەپ خەۋەر يوللىدى، شاھزادە دوختۇر ئەۋەتكەن ئۇ ئۇرۇقنى كۆيدۈرگەندىن كېيىن ئىسىدىن قاتتىق چۈشكۈردى. چۈشكۈرگەنچە بېشى بۇرۇنقىدەك قىيسايدى. پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن دوختۇرنى كۆپ ئىزدەشتى، ئەمما تاپالمىدى، ئۇنىڭدىن ئۆزرە تىلىمەكچى بولغانىدى، ئامال قانچە بولغۇلۇق بولۇپ بولدى.»[3] شۇنداق، بەزى ئادەملەر شەپقەتچىسىگە تۈزكورلۇق قىلغانغا ئوخشاش، تەڭرىگىمۇ بويۇنتاۋلىق قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە تەڭرىنىڭ رەھمىتىنى ئۇنۇتقانلىق بولۇپ، تەڭرى ئۇلاردىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈيدۇ. تەڭرىگە شۈكۈر قىلمايدىغان ئادەم ئادەمنىڭ ياخشىلىقىغىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ.

ئەسلىدىن ئالغاندا، تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن نېمىتىنى ھېچكىم دەپئى قىلالمايدۇ

① «قۇرئان كەرىم»، 16 ـ سۈرە نەھل 112 ـ ئايەت

② «قۇرئان كەرىم»، 41 ـ سۈرە فۇسسىلەت 51 ـ ئايەت.

③ شەيخ سەئدى «بوستان» 297 ـ بەت

www.uyghurkitap.com

ياكى بىرەلمەيدۇ. بىر كۆزدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەمگە كىممۇ كۆز ئاتا قىلالايدۇ؟ ئەگەر بىر ئادەمدە كۆز بولمىسا ئۇ ئادەم زۇلمەت ئىچىدە ياشايدۇ، بۇ دۇنيانىڭ شۇنچە گۈزەل نېمەتلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە يورۇپ كەتكەندە ئۇنىڭ قانچە شاتلىققا چۆمۈدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ھېكمەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ تەڭرىگە يۈز مىڭ قەترە شۈكۈر ئېيتىدۇ. ئەگەر بىر نادان، بىلىمسىز، ئەقىلسىز ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيا شۇنچىلىك ئاددىي، ھەر كۈنى كۈن شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتىدۇ، نۇرغۇن نەرسىلەر مەنىسىز، ئەھمىيەتسىزدەك كۆرۈنۈشى تەبىئىي. ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئورنىغا بىر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئالماشتۇرۇپ قويسا، ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىچە بىر دۇنيانىڭ زاھىر بولغانلىقىنى، قابىلىيەتسىزلىكى، نادانلىقى، ئەقىلسىزلىكى تۈپەيلىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك مەخلۇق قاتارىدا ياشاپ قانچىلىك قىممەتلىك نەرسىلەردىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، قۇرئاندا ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن، قەلبى كور ئادەملەر تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسى- تىدۇ: «ئۇلارنىڭ تولىسىنى (كۆپچىلىكىنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەت- تەر گۇمراھتۇر»[1]. شۇڭا، ئادەم بىرەر كۆزسىزنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ نۇرلۇق ئىكەنلىكى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشقا، بىر كېسەل پالەچ ئادەمنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭ بېجىرىم ساغلاملىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشقا، بىر ئاجىز، بىچارە كەمبەغەلنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭ باي - پاراۋان تۇرمۇشى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ شۈكرىسى قانداق بولىدۇ؟ كۆزسىزلەرنى كۆرگەندە ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىنى كۆرۈش، ياخشىلارنى كۆرۈپ ئۇلاردىن ئىلھام ئېلىش ، يامانلارنى كۆرۈپ ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئەمالارنى كۆرۈپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىساق، ئۇلارنى كۆرۈپ تەڭرىنىڭ ئۆزىمىزگە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىساق، باشقىلارنىڭ رىزقىغا كۆز ئالايتساق، كۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ يامان تەرىپىنى كۆرۈشكە، باشقىلارغا يامان كۆز بىلەن قاراشقا ئىشلەتسەك، ئەلۋەتتە ناشۈكۈرلۈق قىلغان بولىمىز.

تەڭرى ئاتا قىلغان مول بايلىقنىڭ، ئائىلىنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنىڭ شۈكرىسى نېمە؟ تەڭرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ بەرىكە- تىنى زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەربىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ.»[2] دېمەك، بايلىقنىڭ شۈكرىسى سەدىقە قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ، ھەرگىز- مۇ جازانىخورلۇق بىلەن باشقىلارغا زۇلۇم سېلىش بىلەن ئەمەس. شۇڭا، قەھرىتان قىشتا

---

① «قۇرئان كەرىم»، 25 - سۈرە فۇرقان 44 - ئايەت

② «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۈرە بەقەرە 276 - ئايەت.

ئىسسىق ئۆيدە ھۇزۇر ئېلىنىۋاتقاندا، سوغۇقتا دۈگدىيىپ، كىچىككىنە چوغ بىلەن ھەيلەشىۋاتقان يېتىم - يېسىرلارنى، ئاجىز - كەمبەغەل، تۇل خوتۇنلارنى ئويلاش، ئۇلارغا ياردەم قىلىش، مانا شۇ مەئىشەتلىك تۇرمۇشنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغانلىقنىڭ بولىدۇ. ئادەم شۇ قەھرىتان قىشتا ئورۇن كۆرپىسىز، ئوتۇن - كۆمۈرسىز بىر كېچىنى تاڭ ئاتتۇرۇپ باققاندا، شۇندىلا شۇ كېچىنىڭ نەقەدەر ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. تويۇپ كىرىپ ئىسسىق ئورۇندا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەم بۇ چۈشنىڭ ئايىغى چىقمايلا ئويغىنىپ تاڭ ئاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، بۇنداق كېچە نېمىدېگەن قىسقا بىلىنىدۇ - ھە؟ ئادەم ئۆزىنىڭ كېچىسىنىڭ نامراتلارنىڭ كېچىسىدەك ئاشۇنداق ئۇزۇراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ كېچىسىنى قىسقارتىشقا ياردەم بېرىش كېرەك بولىدۇ. تەڭرى مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، ئاللاھ سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلسۇن، دەپ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (تائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر»①.

تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپ، مەرتىۋىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى. تەڭرى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ شۈكرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. شاھلارغا ئۆزىگە خاس شۈكۈر قىلىش تەلىپى بولىدۇ، بايلارغا نىسبەتەنمۇ ئۆزىگە خاس شۈكۈر قىلىش تەلىپى بولىدۇ، كەمبەغەل - نامراتلارغىمۇ شۈكۈر قىلىش تەلىپى بولىدۇ. شاھلارنىڭ تەڭرى بەرگەن نېمەتلەرگە قىلىدىغان شۈكرىسى ئادالەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئەگەر شاھ زالىم بولسا، ئۇ تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىغان بولىدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە: سۇلتان سەنجەرى مازى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) بىر كۈنى يول ئۈستىدە كېتىپ باراتتى، بىر دەرۋىش كېلىپ سالام قىلدى. سۇلتان تەسۋى ئوقۇۋاتقانلىقتىن بېشىنى ئېگىپ قويۇپلا جاۋاب بەرمىدى. دەرۋىش:

— سالام قىلماق سۈننەتتۇر، جاۋاب بەرمەك پەرزدۇر، مەن سۈننەتنى ئادا قىلدىم، سىز نېمە ئۈچۈن پەرزنى تەرك قىلدىڭىز؟ — دېدى. سۇلتان:

— ئەي دەرۋىش، [مەن] شۈكرى ئېيتماقتا مەشغۇل ئىدىم. سالامىڭىزنىڭ جاۋابىدىن (سالىمىڭىزغا جاۋاب قايتۇرۇشتىن) غاپىل بولۇپتىمەن، — دېدى. دەرۋىش:

— كىمگە شۈكۈر ئېيتىمسىز؟ — دەپ سورىدى. سۇلتان:

— نېمەت بەرگۈچى ئۇلۇغ ئاللاھقا، — دېدى. دەرۋىش:

— ئەي سۇلتان، سىز شۈكۈر ئېيتىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىكەنسىز، شۈكۈر دېگەن [ئاللاھ] بەرگەن نېمەتنىڭ ۋە لۇتفى مەرھەمەتنىڭ باراۋىرىدە بولۇش كېرەك. پادىشاھلار ئۆزىگە مۇناسىپ شۈكۈر قىلماق لازىم، — دېدى. سۇلتان:

— ئەي دەرۋىش، شۈكۈرنىڭ يوللىرىنى ماڭا بايان قىلىڭ، — دېگەنىدى، دەرۋىش:

① «قۇرئان كەرىم»، 6 - سۈرە ئەنئام 166 - ئايەت

ــ پادىشاھلىق شۈكرىسى شۈكى، ھەممە ئەھلى ئالەم ۋە ئەۋلادى ئادەملەرگە ئەدل ـ ئىھسان قىلماق؛ مەملىكەت ۋە ۋىلايەتنىڭ كەڭرىلىكىنىڭ شۈكرىسى: رەئىيەت مۈلكىدىن ھېچنېمە تەمە قىلماسلىقتۇر؛ پەرماندارلىق شۈكرىسى: پەرماننى تۇتقان خالايىقلارنىڭ ھەققىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلماق؛ بەخت ـ دۆلەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ شۈكرىسى: خارلىق تۈپرىقىغا يىقىلغانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلماق؛ خەزىنە تولىلىقىنىڭ شۈكرىسى: لايىقىدا سەدىقە بەرمەك؛ قۇدرەت ۋە قۇۋۋەتنىڭ شۈكرىسى: ئاجىزلار، مەزلۇم ۋە زەئىپلەرگە ئەلەم يەتكۈزمەكتىن قول يىغماق؛ سىھھەت ـ سالامەتلىك شۈكرىسى: زۇلۇم رەنجىدىن بىمار بولغانلارغا ئادىللىق دورىسى بىلەن شىپا بەرمەك؛ لەشكەر ۋە خىزمەتكار تولىلىقىنىڭ شۈكرىسى: ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئۇلارغا يېتىدىغان زەرەر ـ زەخمەتتىن خەۋەردار بولماق؛ كاتتا ئىمارەتلەر ۋە جەننەت كەبى باغلار شۈكرىسى: پۇقرالارنىڭ مۈلكى ۋە مەنزىلگە لەشكەر ۋە سىپاھلار چۇشۇپ خاراب قىلىۋېتىشىنى مەنئىي قىلماق. يەنە شۈكرىنىڭ ئەلاسى شۈكى، غەزەپ ئوتى جۇش ئۇرغاندا سەۋر قىلماق؛ خەلق ئاسايىشىنى ئۆز ئاسايىشىدىن ئىلگىرى قويماقتۇر، ــ دەپ نەسىھەتلەرنى ئېيتتى. سۇلتان بۇ نەسىھەتلەرنى ئالتۇن ھەل بىلەن پۈتۈپ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىگە دەستۇر قىلدى»[1]

شۈكرىنىڭ تەلىپى، ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلارغا ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى ئوخشاش بولىدۇ. ھېچقانداق ياخشى ئەمەل قىلىشقا قۇربىتى يەتمىگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا تەڭرىگە شۈكرى قىلسا، ھەتتا تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەننىڭ ئۆزىمۇ شۈكۈر قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. «زۇھا» سۈرىسىدە مۆمىنلەرگە تەڭرىنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)[2]

تەڭرى يەنە بەندىلەرگە ئىلىمنى بىلدۈرگەنلىكى، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشنى بۇيرۇيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى»[3]. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئالەمدىكى ئەڭ ئەزىز ۋە مۇكەممەل ئەقىل ـ پاراسەتلىك قىلىپ يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن كۆزى، قۇلىقى ۋە باشقا بارلىق ئەزالىرى بىلەن ئاللاھقا چىن دىلىدىن شۈكرى قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇڭا، ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن، قەلبىنى ئىلىم نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ تەڭرى ئىرادە قىلغاندەك يۇقىرى ئىستىبداتلىق ئادەمگە ئايلىنالمىغان، تەڭرى ئاتا قىلغان بىلىملەرنى باشقىلارغا ئۆگەتمىگەن ھەم ئۆزى ئەمەل قىلمىغان ئادەم ھەقىقىي شۈكۈر قىلغۇچى ئەمەس؛ نېمەت بەرگۈچەنى تىلى بىلەن ياخشى سۈپەتلىمەيدىغان، ياخشى سۆزلەرنى قىلمايدىغان، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن توسىدىغان سۆزلەرنى قىلمايدىغان، يامان، قوپال سۆزلۈك، پىتنە ـ

---

① «قۇرئان كەرىم»، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 24 ـ بەت.

② «قۇرئان كەرىم»، 93 ـ سۈرە زۇھا، 11 ـ ئايەت

③ «قۇرئان كەرىم» 16 ـ سۈرە نەھل، 78 ـ ئايەت

پاسات، غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ تۇرغۇچى ئادەم شۈكۈر قىلغۇچى ئەمەس؛ ئاللاھتائالا پۇل - مال، بايلىق بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاللاھقا بويسۇنۇش يولىدا ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش يولىدا خەير - ساخاۋەت قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بېخىللىق قىلغان ياكى ئۇ بايلىقنى گۇناھ ئىشلارغا خەجلىگەن ئادەم شۈكۈر قىلغۇچى ئەمەس؛ ئاتا - ئانىسى شۇنچە مۇشەققەت بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان تۇرسا، ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى قاقشاتقان ئادەم شۈكۈر قىلغۇچى ئەمەس.

شۇڭا قۇرئاندا بەزى كىشىلەر تەڭرىنىڭ بەندىلەرنىڭ نېمەتلەرگە ناشۈكۈرلۈك قىلىپ ئاسىيلىق يولىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك كۈلپەتكە پاتۇرغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ: «بىز ئىنساننى شەك - شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق. پەقەت ئىمان ئېيتقان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلارغا ئۈزۈلمەس ساۋاب بېرىلىدۇ»①. شۇنداق، تەڭرى ئىنساننى مۇكەممەل ۋە پاك ياراتتى، شۇڭا ئادەم ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تۇپراققا پاكلىق بىلەن كىرىشى، ناپاك روھىنى كۆتۈرۈپ قىيامەتتە يەرگە قاراپ قالماسلىقى كېرەك. ئادەم ئۇپا - ئەڭلىك ۋە زەر تونلار بىلەن ئۆزىنى پەردازلەۋالغاندىن كۆرە، روھىنى پاكىزلاشقا تىرىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، شۇ گۈزەل چىرايلارنى توپا باسىدۇكى، ئۇ چاغدا ئۇنى ئېرىتىۋېتىشكىمۇ قادىر بولالمايدىغان ئىشقۇ. ھەتتا شۇنداق ھالەتنى كۆرىمىزكى، ئاشۇ باشتا كۆزمۇ بولغىنىمىتى، دەپ قالىمىز. «ئىران پادىشاھى جەمشىتنىڭ بىر ئەركە بالىسى بار ئىكەن، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، شاھزادىگە مۇناسىپ ھالدا ئۇنى يىپەك شايى كېپەنگە غوزىدەك يۆگەپتۇ. جەمشىت بىر مەزگىلدىن كېيىن ئوغلىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ بارسا، ئوغلىنى ئورىغان كېپەن چىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن جەمشىت:

«مەن يىپەكنى پىلە قۇرتىدىن تەستە ئالغانىدىم، ئەمدى ئۇ يىپەكنى قەبرىدىكى قۇرت - قوڭغۇزلار بالامدىن تارتىۋاپتۇ» دەپتۇ.

ئادەم ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشنى بىلىشى كېرەك. ھايات دېگەن ئىنسانغا بېرىلگەن بىر ئامانەت، ئۇنى مەنىلەر خەزىنىسى بىلەن ياخشى بېزەپ، ئىنسان كامالىتى بىلەن زىننەتلەش كېرەك. ئادەم بۇ دۇنياغا قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولىدىغان گەۋدىسىنى سەمرىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى روھىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. چۈنكى، ئاخىرەتتىكى ھېساب بەدەننىڭ ئورۇق - سېمىزلىكىدىن ئەمەس، بەلكى روھنىڭ پاك ۋە ناپاكلىقىدىن، ياخشى ئەمەل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىدىن ئېلىنىدۇ. بەزى ئادەملەر قەبرىسىنى شۇنچىلىك ھەشەم - دەرەم بىلەن بېزەيدۇ، نەچچە ئون مىڭ يۈەن خەجلەپ ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىدۇ. ئەييۇھەنناس، بۇ قانداق بالادۇركى، ناشۈكۈرلۈك تاكى ئۆلگەندىمۇ تۈگىمەيدۇ. ھەرقانداق زىبۇ - زىننەت، ھەرقانداق ياسىداق سارايلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىگىسىنى يوقىتاتتى، قەبرىلىرىنىمۇ يىللار ئۆتكەنسېرى بىر باشتىن تۈزلەپ سۇ قۇيۇپ يېڭى قەبرە ئۈچۈن بوشىتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. قەبرىنىڭ زىننەتلىك بولۇشى ھەرگىزمۇ شۇ قەبرىدە ياتقۇچەنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا شاھىت بولالمايدۇ. قەبرىسىگە ئىككى خام كېسەك قويۇپ قويۇلغان نى - نى ئۇلۇغ ئادەملەر بار. قەبرىسىنى ئېگىز - ئېگىز گۈمبەز ۋە نەقىشلەر بىلەن نەقىشلىگەن چۆپرەندە مەخلۇقلارمۇ بارغۇ. شۇڭا ئادەم ئۆزىنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىنى، يەنە شۇ

① «قۇرئان كەرىم»، 95 - سۈرە تىن 4 -، 5 -، 6 - ئايەتلەر.

تۇپراققا قايتىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىكەن تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقى، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۆزد-ىنى ھەرقاچان كەم - كۈتىسىز ھېسابلاپ، روھنى پاكىزلاش ئارقىلىق شۈكۈر قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقى ۋە ئۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك.

تەڭرى بەندىلەرگە روھنى پاكلايدىغان بىر قۇدرەتلىك قورال بەردى. ئۇ بولسىمۇ «توۋا» قىلىشتىن ئىبارەت. توۋا قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ.

# گۈزەل ئەخلاق ھايا

«ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.»
— بۇخارى رىۋايەت قىلغان

ئىسلام دىنىدا مۆمىنلەرگە قويۇلغان ئەخلاقىي تەلەپلەرنىڭ بىرى ھايا قىلىشقا بۇيرۇش-تۇر. چۈنكى، ئىسلام ئەقىدىسىدە «ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن تەلەپ بار. ئىمان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى، ئىمان بولمىسا مۇسۇل-مان ھېسابلانمايدۇ. ھەدىستە: «ئىمان يەتمىش نەچچە (بەزى رىۋايەتتە ئاتمىش نەچچە) شاخ، يۇقىرىسى «لائىلاھەئىللەللاھ» كەلىمىسىدىن ئىبارەت بولسا، تۆۋىنى يولدىكى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش. ھايا ئىماننىڭ بىر شېخى.»[1] دېيىلگەن. مۇكەممەل نەرسە كەمتۈك بولۇپ قالسا ئۇنى سەتلەشتۈرىدۇ. ھەدىستە شۇڭا مۇنداق دېيىلگەن: «ھايا بىلەن ئىمان بىر - بىرىگە تولۇق باغلانغان، بىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتسە يەنە بىرىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.»[2] بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھايانىڭ ئىماننى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئىماننى گۈزەللەشتۈرۈپ بېزەش رولى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. ھايا يوق ئادەمدىن ئىمان كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن ۋە يەڭگىلرەك بولغاندا، ئىمانغا نۇقسان يەتكۈزىدىكەن. ھايا بىلەن ئىماننىڭ مۇنداق بىر - بىرىنى تولۇق-لاش، بىر - بىرىنى شەرت قىلىش جەھەتتىكى رولى شۇكى، ئىمانمۇ مۆمىنلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ، ھايامۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەت قىلىپ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھايا ياخشى-لىق بىلەن قولغا كېلىدۇ.»[3] يەنە مۇنداق دېگەن: «ھايا پۈتۈنلەي ياخشىلىقتۇر.» دېمەك، ئىمانمۇ، ھايامۇ مۆمىنلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ. ئاللاھنى خۇرسەن قىلىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، ئاللاھتىن ھايا قىلىپ، ئاللاھتىن ھېيىقىپ يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

ھايا تۇرمۇشتا كۆپ خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىرى ھايائىي ئەتادۇر. يەنى، گۇناھ قىلغۇچى تەڭرىنىڭ ھەدىيىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىسيان قىلغىنىدىن ئىزا بولۇشتۇر. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بېھىشتە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ يېيىش مەنئىي قىلىنغان گۈندۈم (بۇغداي) نى

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

www.uyghurkitap.com

يېدى. شۇنىڭ بىلەن گۇناھكار ۋە رەسۋا بولۇپ، ئاللاھتىن ئۇيىلۇپ ھەر تەرەپكە قېچىپ، ئۆزىنى يوشۇرىدىغان جاي تاپالمايتتى. خىتاب كەلدىكى:

— ئەي ئادەم، مەندىن قاچامسەن؟!

ئادەم ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى:

— ئىلاھا، سەندىن قېچىپ قايانمۇ بارارمەن، ئەمما سەندىن ماڭا بۇ قەدەر ئىنئام ۋە ئېھسان يېتىپ تۇرۇقلۇق، يەنىلا ساڭا ئاسىي بولۇپ گۇناھقا يۈز قويغىنىمدىن ئۇيىلۇۋاتىمەن. ناۋادا گۇناھىمنى ئەپۇ قىلساڭمۇ، يەنىلا خىجالەتچىلىكىم مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

ھايانىڭ بىرقانچە مەرتىۋىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى تەڭرىدىن ھايا قىلىش، تەڭرىدىن ھايا قىلىش — ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىشتىن، شۈكۈر - قانائەتتىن باش تارتىشتىن، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈپ قېلىشتىن، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، مەسئۇلىيەتتە چەكتىن ئاشۇرۋېتىشتىن، سەۋرسىزلىكتىن، تەڭرىگە بولغان ئىشەنچتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشتىن، تەڭرىنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر، ھەممە نەرسىنى — ھەتتا خىيالدىكىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىماي يامان سۆز، يامان ھەرىكەتلەردە بولۇپ قېلىشتىن، ئۇمۇمەن تەڭرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپ ھەرىكەتلەردە بولۇپ قېلىشتىن ھايا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، تەڭرى توغرا، ھەق يولنى كۆرسەتتى، يامان، گۇناھلىق يوللارغا كىرىپ قېلىشتىن توستى ۋە ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»[1] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن[2] (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن.)» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزۈڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ»[3] يۇقىرىقىدەك بۈيۈك ئەخلاق مەرتىۋىسىگە ھايالىق ئادەملەرلا قادىر بولالايدۇ. ھايالىق ئادەم يەڭگىلتەك، چېچىلغاق، ئۆپكىسى يوق، قوپال، توڭ بولمايدۇ. غەزەپتىن سەۋرنىڭ مەرتىۋىسى، ھايانىڭ قالقىنى بىلەن ئۆزىنى بېسىۋالالايدۇ، ئېغىزىدىن قوپال، سەت گەپلەرنى چىقىرىشتىن ھايا قىلىدۇ. «پوققا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بىلىدۇ، شۇڭا نادانلار بىلەن گەپ تالىشىپ ئۇنىڭدىن يامان، ناچار گەپلەرنى ئاڭلاشتىن ھايا قىلىدۇ. ھەدىستە: «مۆمىن بەندىنىڭ ئەڭ رەزىل قىلىق يامان ئىبارىلەر بىلەن كىشىلەرنى تىللاشتۇر» دېيىلگەن.

ھېكايە قىلىنىشىچە: «بىر مۆتىۋەر ئالىم بىر بىدئەتچى بىلەن (خۇدا ئۇنىڭ ئەجدادلىرىغا لەنەت ياغدۇرسۇن!) مۇنازىرىلىشىپ قالدى، ئەمما ئۇنى دەلىل - ھۆججەت بىلەن يېڭەلمەي،

---

① «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۈرە ئال ئىمران 134 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

② «قۇرئان كەرىم»، 7 - سۈرە ئەئراف 199 - ئايەت.

③ «قۇرئان كەرىم»، 41 - سۈرە فۇسسىلەت 34 - 35 - ئايەتلەر.

سۆز قالغىنىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. بىر كىشى ئۇ ئالىمغا دېدى: «سەن شۇنچە بىلىملىك،
كامالەت ئىگىسى تۇرۇقلۇق بىر دىنسىزغا تەڭ كېلەلمىدىڭمۇ؟»
ئالىم دېدى: «مېنىڭ ئىلمىم قورئان، ھەدىس ۋە شەيخلەرنىڭ نۇتقى. ھالبۇكى ئۇ
ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكتىن مېنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىمگە قۇلاق سالمايدۇ-دە. شۇڭا
ئۇنىڭ كۇپۇر سۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمە قىلىمەن!»
سېلىشتۇرما: ھېكايە قىلىنىشىچە، جالىنوس[1] بىر ئەخمەقنىڭ يەنە بىر ئالىمنىڭ ياقى‍ـ
سىدىن تۇتۇپ، بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى كۆردى-دە، دېدى: «ئەگەر بۇ كىشى ھەقىقىي
دانا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىشى بۇ نادان بىلەن بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارماس ئىدى!»
شۇڭا، ھەقىقىي دانا ۋە ھايالىق ئادەم ئۆزىنى پەسلەشتۈرۈپ ھەرگىز گۆھەرنى تاشقا
ئۇرمايدۇ. گۆھەرنى تاشقا ئۇرغان ئادەمنى ئاقىل ھېسابلاشقا بولمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا
بەزى ئادەملەر شۇنچىلىك ۋەزمىن، ھەرقانچە ئاچچىقى تۇتۇن قوپارغان تەقدىردىمۇ ئېغىزىدىن
ھەرگىزمۇ سەت، ھاياسىز سۆزلەرنى چىقىرىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. بىراق بەزى كىشىلەرمۇ
باركى، ئازغىنە سۈركىلىش بولۇپ قالسا ئېغىزىدىن پوق ئاقىدۇ، ئايال ئەردىن، ئەر ئايالدىن
ھەرگىز ھايا قىلمايدۇ. بۇنداق يامان خۇي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىي تەلەپلىرىگە، مۇسۇلمان‍ـ
لىق شان-شەرىپىگە داغ كەلتۈرىدۇ، ئىمانىنى بۇلغايدۇ. ئاللاھ شۇنداق ھايالىقكى، ئۇ
شۇڭا بەندىلەرگە ھايالىق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئاتا قىلىپ، ھايۋان بىلەن
ئىنساننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۈچۈن بىر پاسىل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايا
جەھەتتىكى پەزىلىتى بىلەنمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈلگە ئىدى. ھەقتائالا ھايا ۋە كەرىم
سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگەندۇر. ئۇ تەلەپ قولىنى كۆتۈرگەنلەرنى ھەرگىزمۇ قۇرۇق قول
قايتۇرمايدۇ. بەندىلەرنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلماسلىقتىن ھايا قىلىدۇ. بەندىلەرنىڭ گۇناھى‍ـ
نى كەچۈرمەسلىكتىن ھايا قىلىدۇ، شۇڭا ئاللاھ ياقتۇرغاننى ياقتۇرۇش، ئاللاھ ھايا قىلغان‍ـ
دىن ھايا قىلىش مۆمىنلەرنىڭ ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بۇرچى بولۇپ، ھايا بىلەن تەڭرىنىڭ
ياخشى كۆرۈشىگە، تەڭرىنىڭ دوست تۇتۇشىغا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا، مۆمىنلەر تەلەپ قىلىپ
ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن سائىللارنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىشى كېرەك. ھاجەت‍ـ
مەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، ئۇلارغا قوپال تېگىشتىن، ھاقارەتلەشتىن ھايا قىلىش تەلەپ
قىلىنىدۇ. چۈنكى، سائىلنى قۇرۇق قول قايتۇرۇش، ھاجەتمەنلەرگە قوپاللىق قىلىش،
ئۇلارنى دۆشكەللەش تەڭرى ئالدىدا قىلىنغان چوڭ ھاياسىزلىق بولىدۇ. بۇخارىنىڭ رىۋايىتى‍ـ
دە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوپۇق ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى» دېگەن.
نەقىل قىلىنىشىچە: بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى ۋە
ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارا
تۇرۇشنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ھايانىڭ خاسىيىتى بىلەن: «ئى ئۇسامە، ئاللاھنىڭ جازا
قانۇنىدا ئارا تۇرۇشتىن سوراۋاتامسەن؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەتنىڭ قىزى
پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قولىنى چوقۇم كېسەتتىم»[2] دېگەن. چۈنكى، ئاللاھ‍ـ
نىڭ پۈتۈن مۆمىن بەندىلەرگە چۈشۈرگەن بۇ توغرىدىكى روشەن ئايىتى بار ئەمەسمۇ؟ «ئى
مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى

[1] جالىنوس: (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 130-230) قەدىمكى رىمنىڭ مەشھۇر تېۋىپ ۋە تەبىئەتشۇناسى، پەيلاسوپ.
[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com



تۇغقىنىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن) ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار. ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدىن بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار»①. دېمەك، تەڭرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھايا قىلمىغان ئادەم قانداقمۇ مۇسۇلمانلىقتىن دەۋا قىلالىسۇن؟

بىرەر يامان ئىشنى قىلىپ قويۇپمۇ ئۇياتمىغان ئادەمدە ھايانىڭ ئەسىرى بولمايدۇ. ھاياسىز ئادەم ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ھايا سۈرەتكە كەلسە ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق نەرسە يوق، ھاياسىزلىقتەك بەتبەشىرە نەرسە يوق. ئادەم تازا چالۋاقاپ، ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك ئاقتۇرۇپ بىرىنى تىللاۋاتقان چاغدا ئۇزىگە قاراپ باقسا ئىدى، قانچىلىك سەتلەشكىنىنى ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ھاياسىز ئادەملەردىن پەرىشتىلەرمۇ سەسكىنىپ ئۆزىنى قاچۇرىدىكەن. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرىدۇ. ھەرقانداق نەرسىدە ھايالا بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ»② دېگەن. بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناچار سۆز، ناچار ئىشلاردىن يىراق ئىدى، ئۇ مۇنداق دەيتتى: ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغانلاردۇر» دېيىلگەن، مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «مۆمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە سۆرەن سالمايدۇ» دېگەن.

ئىسلام ئەخلاقىدا ھايا تەڭرى بىلەن بولغان مەنىۋى ئالاقىدە بولسۇن، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەخلاقىي تەلەپتە بولسۇن، ناھايىتى مۇھىم ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ھايا مۆمىنلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر ئۆلچەم. شۇڭا ھەدىستە: «نام - ئەمەل تارازىسىدا چىرايلىق خۇلقتىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق»③ دېگەن. يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەلۋەتتە ھەربىر دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر.» ھەزرىتى قورەتە ئىبنى ئەيسادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ئىدۇق، ئۇنىڭ ئالدىدا ھايا زىكرى قىلىنىدى. ساھابىلەرنىڭ بىرسى: ‹ھايا دىنىنىڭ جۈملىسىدىنمۇ؟› دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبىرىمىز: ‹بەلكى ئۇ دىنىنىڭ ھەممىسى› دەپ جاۋاب بەردى.» بۇ بايانلاردىن قارىغاندىمۇ ھايا ئىسلام ئەخلاقىدا يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدىغان ئەخلاقىي پرىنسىپ بولۇپ قالماي، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەيدىغان، دىنىمىزنىڭ شان - شەرىپىنى نامايان قىلىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلەتتە ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولالايدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم مەنىۋى قورال.

بىراق، جەمئىيىتىمىزدە ھازىر دىنىي ئىسلامنىڭ ئەخلاقىي شان - شەرىپىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزىدىغان، ھاقارەت كەلتۈرىدىغان چېكىدىن ئاشقان بەزى ھاياسىزلىقلار ئوتتۇرىغا چىقتى. چوڭلاردىنمۇ ھايا كۆتۈرۈلدى، كىچىكلەردىنمۇ ئەدەپ - يوسۇنلار

---

① «قۇرئان كەرىم»، 4 - سۈرە نىسا 135 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

③ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئازلاپ كەتتى. قوپاللىق ۋە توڭلۇق، بىر - بىرىنى خارلاش، تىل - ھاقارەت ئىشلىتىش، ئاممىۋى سورۇنلاردا چېكىدىن ئاشقان چۇقان - سۈرەن بىلەن باشقىلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇش، ھاياسىز چاقچاقلار، گاراڭ مەسلىك، تەمەدىن باشقىلارغا قۇللارچە ئېگىلىشلەر، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى سېتىۋېتىشلەر، ھاكاۋۇرلۇقلار ۋە مۇغەمبەرلىكلەر، زىناخورلۇق ۋە پارىخورلۇقلار، ئەرلەر ئاياللار سۈپىتىنى ئېلىپ قالغان، ئاياللار بولسا ئەرلەرچە بولۇشقا ئىنتىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتتىكى ھايانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ كىچىككىنە كۆرۈنۈشى. يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈۋالغان قوۋمنى مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەش ئىسلام دىنىغا ھاقارەت قىلغانلىق بولىدۇ، چۈنكى ئىسلامدا يۇقىرىقىدەك ناچار ئەخلاقتا رىغبەت بېرىدىغان ھېچقانداق مەزمۇن يوق. بىز بۇ يەردە ھازىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئەڭ تارتىدىغان، مۇنازىرىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئەر - ئاياللارنىڭ ئېپپەتلىك بولۇش ھەققىدىكى تەلەپ ۋە تەۋسىيە ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز قىستۇرۇش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھۆرلۈك مەسىلىسىنى، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىك مەسىلىسىنى تۈنجى قېتىم ھەل قىلغان دىن، بۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن ئاياللار تەڭرىگە شۈكۈر قىلسا بولىدۇ. بىراق، ئىسلام دىنى چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىككە چەك قويىدۇ. چۈنكى، ئادەم ئادەمدەك ياشىشى، ھايۋان ھايۋاندەك ياشىشى كېرەك. ئادەملەر بىر - بىرىدىن ئۆيىتىشى، بىر - بىرىدىن ھايا قىلىشى، ئۆزئارا شەرم - ھايانى ساقلىشى ئىنسانلىق سۈپىتىدە قارار تاپقاندۇر. ئىسلام دىنى بۇ خىل سۈپەتنى مۇقىملاشتۇرغان ۋە ئۇنى قارارلاشتۇرۇپ شەرىئەت يولىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قانۇنلاشتۇرغان. زىنا ۋە شەھۋانىيلىق ئىسلام دىنى چەكلەيدىغان ئەڭ گۇناھلىق ئىشلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن زىنا ۋە شەھۋانىيلىقنى توسۇش ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە مۆمىنلەرنى بەزى پەرھىزلىك ۋە سۈننەتلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلغان.

تەڭرى مۆمىن ئەرلەر بىلەن مۆمىن ئاياللارغا مۇنداق بۇيرۇيدۇ: «مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. مۆمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيناتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن. ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.»①

مانا بۇ روشەن قۇرئان ئايەتلىرىدۇر. مەقسەت بۇنىڭدىنمۇ روشەن ۋە چۈشىنىشلىك بايان

① «قۇرئان كەرىم»، 24 - سۈرە نۇر 30 - 31 - ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

قىلىنماس. ئەسلىدە ھۆكۈم ناھايىتى ئېنىق بولغانىكەن، بۇ خۇسۇستا تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ئۆزى تەڭرىنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپلىق قىلغانلىق بولاتتى. ئەپسۇسكى، تارىختىن بۇيان بۇ مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلمەي ئاللاھ ئاياللارغا ئەۋرەت ھېسابلانمايدىغان ئەزالىرىنى ئوچۇق قويۇش ئەركىنلىكىنى بەرگەن بولسىمۇ، بىراق نەچچە ئەسىر داۋامىدا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ھالدا زورلۇق بىلەن ئاياللارنى چۈمپەردە ئىچىگە بەند قىلىپ، ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن ئەركىدىن مەھرۇم قىلىندى. نەتىجىدە غەرب ئاپتورلىرىنىڭ تەنە قىلىشىغا ئاساس ھازىرلاپ بېرىلدى.

تەڭرىنىڭ يۇقىرىقى ھۆكمى ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئوخشاش، يەنى ئەرلەرنىمۇ نامەھرەم ئاياللارغا تىكىلىپ قاراشتىن مەنئىي قىلغان، ئاياللارنىمۇ نامەھرەم ئەرلەرگە تىكىلىپ قاراشتىن مەنئىي قىلغان. بۇ يەردىكى تىكىلىپ قاراش نامەھرەملەرگە شەھۋانىي ھەۋەس ۋە نەزەر بىلەن قاراش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. شەھۋانىي ھەۋەس بىلەن نامەھرەملەرگە قاراش گۇناھ بولىدۇ. بۇنداق گۇناھ ئەرلەر ئۈچۈنمۇ، ئاياللار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. ھەرگىزمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا تىكىلىپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئاياللار گۇناھكار بولمايدۇ. ئەرلەرنىڭ تىكىلىپ قارىشى بىلەن سادىر بولغان گۇناھنى ئاياللارنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۇلارنى چۈمبەردە ئارتىشقا زورلاشنىڭ ئۆزى خاتا بولىدۇ. چۈنكى، قۇرئاندا ھەر ئىككى تەرەپكە بىر بىرىگە تىكىلىپ قاراشتىن ھايا قىلىش بۇيرۇلدى. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. ئەمدى مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، قۇرئاندا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئاياللارنىڭ «تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا» ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغان ئەزالىرىنى نامەھرەملەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىماسلىقتا بۇيرۇدى. دېمەك، تەڭرى يۈز ۋە ئالىقاننى زىننەتلىك ئەزا دەپ ياراتقان، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئەۋرەت دېمىگەن. لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى يېپىشقا بۇيرۇغان، يۈزنى يېپىشقا بۇيرۇمىغان. بۇنىڭدىن مەقسەت، بۇ مۆمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىدى، بۇنىڭ بىلەن مۆمىن ئاياللارنى ۋە مۆمىن ئەرلەرنى ناپاكلىقتىن، زىنادىن، ھارامدىن توسۇش، پاكىزلىققا، ھالال-لىققا باشلاش ئىدى. بۇ ئۇقتىدا ئىسلام ئالىملىرى ئالىقاچان بىرلىككە كەلگەن ئىدى. ئىمام ئەزەم مەزھىپى، ئىمام شاپىئىنىڭ ئىككىنچى پىكرى ۋە ئىمام مالىك مەزھىپىنىڭ پەتىۋاسى شۇكى، ئاياللار يوللاردا ۋە يات ئەرلەر ئالدىدا يۈزىنى ۋە ئىككى ئالىقىنىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرسە بولىدۇ. مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇستازلىرى ئۇيۇشمىسىغا تەۋە ھەيئەتى مۇنداق مەزمۇندا قارار چىقارغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئاسان ۋە كەڭلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە بۇزۇلۇش ۋاستىلىرىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قائىدىگە ئاساسەن، ماڭماقچى بولغان پەتىۋاھەيئىتىنىڭ قارىشىچە، ئاياللارنىڭ يۈزى بىلەن ئالىقىنى ئەۋرەت ئەمەس دېگۈ-چىلەرنىڭ پىكرىنى قوللاش كېرەك. شۇڭا، ئاياللارنىڭ يۈزىنى ۋە ئىككى ئالىقىنىنى يات ئەرلەر ئالدىدا ئېچىشى ئاياللارنىڭ ئاممىۋى ۋە شەخسىي مۇئامىلىدە جاپا - مۇشەققەتكە ئۇچرىماسلىقى نەزەردە تۇتۇلغان. شۇڭا يۈزىنى ۋە ئالىقىنىنى ئېچىپ يۈرۈشنى گۇناھ دەپ قارىمىغان. ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئادىتىگە كۆرە، قۇل ئاياللار بىلەن ھۆر ئاياللارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ھۆر ئاياللارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنە «قۇرئان كەرىم» دە مۆمىن ئاياللارغا مۇنداق ئەمىر قىلىنغان: «ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ -

دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ»①. دېمەك، بەدەنگە پۈركەنجە ئارتىشقا دەۋەت قىلىشتىن مەقسەت، ئاياللارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە پاكلىقىنى قوغداش. ئۇلارنى زىيانكەشلىكتە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈندۇر. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە قارىغاندا، بۈنى ھازىرقى رېئاللىقتا تەققاسلىغاندا قۇل ۋە ھۆرلۈك پەرقى يوق، بىراق ئىپپەتلىك ئاياللار بىلەن ئىپپەتسىز ئاياللار بار. شۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىنى كىشىلەرنىڭ پاھىشە ئايالمىكىن دەپ قېلىپ يامان نىيەتتە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىپپەتلىك ئاياللاردەك كىيىنىپ يۈرۈشكە دەۋەت قىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش تەلىپىنى قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە پاھىشە خوتۇنلار بىلەن پاك - دىيانەتلىك خوتۇنلارنى تاشقى ياسىنىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ پەرق قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. شۇڭا، بەزى پاك ئاياللارنىڭ كىيىنىش جەھەتتىكى بەكرەك ئوچۇقلۇقىغا قاراپ بەزى كىشىلەر ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ قويىدىغان، ئۇلار بىلەن زىنا قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ يۈز بەردى. شۇڭا كىيىنىش جەھەتتە شەرىئەتتىن چىقىپ كېتىش مۆمىن ئاياللارغىمۇ، مۆمىن ئەرلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ تەرەپكە ئەلۋەتتە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە يەنە بىر شەرتمۇ بار. يەنى ئاياللار ئۆزىنىڭ تەبىئىي تۈرقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ ئۆزىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش، باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاش ئۈچۈن ياسىنىپ سىرتقا چىقىشى ھارام. ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئۈچۈن پەرداز قىلىشى، ياسىنىشى سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى. شۇنداق ئىكەن، ئاياللىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا كۆز قۇلاق بولۇشقا، ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتە چېكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى چەكلەشكە ۋە ئۇلارنى توسۇشقا ھەقلىق. ئەرلەرنىڭ يەنە ئاياللارنى خورلاپ ئۇلارنىڭ يامان يولغا مېڭىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار.

ھازىرقى جەمئىيەتتە بەزى خوتۇن - قىزلار يېرىم يالىڭاچ كىيىنىپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتتى، ئۇلاردىن ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. نورمال ئادىمىي كىيىم - كېچەكلىرىنى تاشلاپ، بىر پارچە لاتا بىلەن پەقەت ئىپپىتىنىلا توسۇۋېلىپ، قالغان كۆكرەك، قورساق، يوتا، قولتۇق قاتارلىق ئەزالىرىنى ھايۋانلارچە ئېچىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ مەدەنىيەتمۇ ياكى شەھۋانىيلىقمۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت ئەمەس، بەلكى ئوپئوچۇق شەھۋانىيلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى. نومۇس، ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ئىپپىتىنى ئاشكارىلاپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى، ھەۋىسىنى قوزغاشقا ئىنتىلگەن ئاياللاردا قانداقمۇ پاكلىق بولسۇن؟! ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ھاياسىزلارچە شۇنچە يالىڭاچلىنىۋېلىشقا نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ ئىسلام دىنى ھەرگىزمۇ نورمال مەدەنىيەتنى چەتكە قاقمايدۇ. بىراق، چېكىدىن ئېشىپ كېتىدىغان، گۇناھقا، بۇزۇقچىلىققا، شەھۋانىيلىققا، بۇلغىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ئاياللارنىڭ ئىپپەت تارىدىن توقۇلغان رومىلى، پاكلىق رەختىدىن راسلانغان چۈمبىلى بولسۇن، دەپ قارىغان. بۇ باياندا ھەقىقىي ئىپپەت قەلبتە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرماق بولغان. قەلبىدە پەزىلەت، دىيانەت غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرغان قىز - ئاياللار ھەرقانداق شارائىتتا يەنىلا ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. قەلبىدە بۇزۇقلۇق بولسا، ئۇنىڭ پاكلىقىنى چۈمپەردە قانداقمۇ توسۇپ قالالىسۇن؟ ... شۇڭا پەزىلەت، ھايا،

---

①«قۇرئان كەرىم»، 33 - سۈرە ئەھزاب، 59 - ئايەت.

www.uyghurkitap.com

نومۇس، پاكلىق تۇغرىسىدىكى مەنىۋى تەربىيىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىسلام دىنىدا ئەرلەردەك بولۇۋالغان ئاياللارغا، ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەرگە، ئەرلەردەك بولۇۋالغان ئاياللارغا لەنەت.» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) ئاياللار ئاياللىق سۈپىتىنى، ئەرلەر ئەرلىك قەدىر - قىممىتىنى ساقلىشى كېرەك. ئەرلەر ئاياللارنىڭ نازارەتچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى، ئاياللار ئەرلەرنىڭ نازارەتچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى بولۇشى كېرەك. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇمىغان، يامان ئىشلاردىن توسمىغان ئادەملەر بىزگە مەنسۇپ ئەمەس»①. ئاتا بولغان كىشى ئائىلىدىكى قىز - ئاياللارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا مەسئۇل بولمىسا، ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا مەسئۇل بولمىسا ئۇلارنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن؟! شۇڭا، ئاياللارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا ۋە ئۇلارنىڭ يامان يولغا كىرىپ كېتىشىگە، مەسئۇل بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بارلىق گۇناھ ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ.

ئىسلامنىڭ روھىدا يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ھايا قىلىشقا بۇيرۇپ قالماستىن، بەلكى يامان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشتىنمۇ ھايا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. تەڭرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر»② بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، يامان، ناچار، گۇناھلىق ئىشلارنى قىلغان ئادەملەرنى كۆرگەندە ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى توسماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ ھاياسىزلىق بولىدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇشمۇ خەيرلىك ئىش، يامان ئىشلاردىن توسۇشمۇ خەيرلىك ئىش بولىدۇ.

ھايانىڭ يەنە بىر شان - شەرىپى شۇكى، ھايا ھەقىقەتنى سۆزلەشكە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا، ياخشىلىقنى مەدھىيىلەشكە، يامانلىقنى سۆكۈشكە توسالغۇ بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا يول ئاچىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاچچىق بولغان تەقدىردىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلىگىن.③» بىر قېتىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ تويلۇقنىڭ يۇقىرىلىقى توغرۇلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. بىر ئايال ئۇنىڭغا: «ئى ئۆمەر، ئاللاھ بىزگە بەرسە سەن توسۇمسەن؟ ئاللاھ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر قىنتار تويلۇق بەرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى ئېلىۋالمىسۇن، دېمىگەنمۇ؟» دېگەن. دېمەك، ھايا ئاياللارنى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ھەقىقەتنى بايان قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتىن توسمىغان.

قىسقىسى، ھايا مۆمىنلەرنىڭ بۇ دۇنيادا قەدىر - قىممەت بىلەن ئەزىزلىنىشىگە، ئۇ دۇنيادا ھەم كاتتا دەرىجە بىلەن مۇكاپاتلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئەخلاقىي مىزانى. «نام ئەمەل تارازىسىدا چىرايلىق خۇلقتىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق»④، شۇڭا ھايادىن چەتنىمەيلى، ھايانى قوغدايلى، ئەخلاقىمىزنى ھايا بىلەن تېخىمۇ بېزەيلى.

---

① تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
② «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۈرە ئال ئىمران 114 - ئايەت.
③ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
④ بۇخارى رىۋاەت قىلغان.

# ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئۇن يېمەكلىكلىرى مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم، ئارزىگۈل، گۈلى

ھەممىگە مەلۇمكى، يېمەك ـ ئىچمەك ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئېھتىياجى، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مۇقەررەركى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتى، شۇغۇللانغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، ئەنئەنىۋى قارىشى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆزئارا ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۇرگەن. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېمەكلىكلىرى شۇ مىللەتلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ـــ جۇڭگونىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇن يېمەكلىكلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

روشەنكى، ئۇن يېمەكلىكلىرى دېھقانچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى، كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي ھالدا مەيدانغا كەلگەن ۋە تۈرى كۆپىيىپ بارغان. شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش داۋامىدا ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا، تەخمىنەن مىلادىيىدىن 2 ~ 8 مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، ياكى بۈنىڭدىن 6 ـ 7 مىڭ يىللار بۇرۇن، ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق بارلىققا كەلگەن[①] ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تاش يارغۇنچاقلار مەيدانغا چىققان. يارغۇنچاق دانلىق ئاشلىقلاردىن يارما يارىدىغان سايمان بولۇپ، يارمىنى ئۇن دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا بۇ دەۋرنىڭ ئۇن يېمەكلىكلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىشمۇ قىيىن. كېيىنچە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تاش توقماقچە بىلەن دان ئېزىدىغان يارغۇنچاقتىن خېلىلا ئىلغار بولغان، 2 پاي دۈگىلەك تاشنى ئاساس قىلغان، ئاستىنقى پاينىڭ مەركىزىگە مۇقىم قىلىپ ئورنىتىلغان ياغاچ ئوققا، ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلغان ئۈستۈنكى پاي مىندۈرۈلۈپ، ئۈستۈنكى پاينىڭ گىرۋىكىگە يېقىنراق جايغا تېشىلگەن تۆشۈككە ئورنىتىلغان ياغاچ دەستىنى تۇتۇپ، قول بىلەن چۆرۈيدىغان تاش يارغۇنچاق مەيدانغا كەلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان قول بىلەن چۆرۈيدىغان تاش يارغۇنچاقلاردىن بۇرۇنراقلىرىنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ~ 5 ـ ئەسىرلەرگە، يەنى يېغىلىق ~ غەربىي خەن زامانلىرىغا توغرا كېلىدۇ.[②] لېكىن، بۈنىڭدىن 3000 ~ 3200 يىللار بۇرۇنقى قۇمۇل قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان تېرىق ئۇنىدىن قىلىنغان توقاچقا[③]

ئاساسلانغاندا، قول بىلەن چۆرۈيدىغان يارغۇنچاق بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3 ـ 4 مىڭ يىللار بۇرۇنقى برونزا دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ بەزى ئالىملىرى: «ئېلىمىز قەدىمدىن تارتىپلا گۈرۈچ، تېرىق، قوناق، بۇغداي، دادۇر ـ پۇرچاقلارنى ئاساسلىق تېرىلغۇ زىرائەتنى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى تېرىق بولغاچقا، بۇغداينى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئىپتىدائىي ئىدى. چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئۇن تارتىش تېخنىكىسى ۋە ئۇن تەركىبلىك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش ئۇسۇلىنى غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىن قوبۇل قىلغان.④» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا، «ئېلىمىزدە چىن سۇلالىسىنىڭ ئالدىدىكى مەزگىللەردىلا قوتۇرماچ⑤ يېيىلەتتى. بەزى ئالىملارنىڭ قوتۇرماچ خەن دەۋرىدە پەيدا بولغان، دېگەن تونۇشى توغرا ئەمەس. خېنەندىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە فېي لىگاڭ خارابىسىدىن يارغۇنچاق تېشى بىلەن توقماقچىسى چىققانلىقى، ئېلىمىزنىڭ ئۇن پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ يېغىلىق دەۋرىدە قوتۇرماچ توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغان ...... لېكىن، قوتۇرماچ خەن دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك يېيىلىدىغان بولغان» ⑥ دەپ ھېسابلايدۇ. مەيلى قايسى كۆزقاراش بولسۇن، ئەينى دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا، ئۇن يېمەكلىكلىرىنى تەييارلاش جەھەتتە ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شىنجاڭدا تۈگمەننىڭ قاچاندىن باشلاپ ئىشلىتىلگەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئېنىق يازما خاتىرە يوق. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، تۈگمەن شىنجاڭدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ماس قەدەمدە دېگۈدەك بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، 1989 ـ يىلى خوشۇت ناھىيىسىدىكى چىڭشۈيخې دېھقانچىلىق مەيدانى 4 ـ ئەترىتىنىڭ تەخمىنەن 500 مېتىر جەنۇبىدىكى، خەن دەۋرىگە تەۋە دەپ قارالغان قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن، قېلىنلىقى 13 سانتىمېتىر، دان يەنچىيدىغان قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 80 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى 8 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئاستىنقى پاي تۈگمەن تېشى تېپىلدى⑦. يەنە بىر قانچە خارابىدىنمۇ تۈگمەن تېشى بايقالدى. 1972 ـ يىلى، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 201 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن، لايدىن ياسالغان بىر گۇرۇپپا ئەمگەك قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ كىچىك ھەيكىلى (رەڭدار لاي قورچاق) قېزىۋېلىندى. تاڭ دەۋرىگە تەۋە بۇ قورچاقلارنىڭ بىرىنچىسى، ئوغۇرغا سېلىنغان دانلىق ئاشلىقنى ئوغۇر توقمىقى بىلەن سوقۇپ، داننى پوستىدىن ئايرىۋاتقان ھالەتتە؛ ئىككىنچىسى، ئوغۇردا سوقۇلغان دانلارنى شازىغا سېلىپ تاسقاۋاتقان ھالەتتە؛ ئۈچىنچىسى، تاسقالغان داننى تۈگمەندە ئۇن قىلىپ تارتىۋاتقان ھالەتتە؛ تۆتىنچىسى، تۈگمەندە تارتىلغان ئۇندا يۇغۇرۇلغان خېمىرنى نوغۇچتا دۈگىلەك شەكىلدە نېپىزرەك يېيىپ، تاۋىدا قوتۇرماچ پىشۇرۇۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. تۈگمەن مودېلىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئادەم ئىتتىرىپ ئايلاندۇرىدىغان تۈگمەننىڭ سۆپىسى دۈگىلەك ۋە كەڭ گىرۋەكلىك بولۇپ، ئېگىزلىكى تۈگمەن چۆرۈۋاتقان قورچاقنىڭ تىزىدىن ئاشىدۇ. سۆپا ئۈستىگە بىر جۈپ دۈگىلەك تۈگمەن تېشىنىڭ ئاستى پېيى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ گىرۋىكىگە يېقىنراق ئىككى جايغا ئورنىتىلغان ئىككى تال ياغاچ ئوقتا ئۈستى پاي مىندۇرۇلگەن. ئۈستى پاينىڭ يان تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، توغرىسىغا قىلىپ ئۇزۇن

ياغاچ دەستە ئورنىتىلغان. ئۇن تارتىۋاتقان ئايال قورچاق سول قولىنى ئۈستى پايىنىڭ
گىرۋىكىگە قويغان، ئوڭ قولى بىلەن ياغاچ دەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىپ،
ھارغىن ھالەتتە ئۇن تارتىۋاتقان تەرزدە تەسۋىرلەنگەن[8]. دېمەك، تاڭ دەۋرىدە، تۇرپان
رايونىدا ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئۇن تارتىدىغان تۈگمەن ئىشلىتىلگەن. بىراق، بۇنداق دېگەن-
لىك تاڭ دەۋرىدە شىنجاڭدا يەنىلا ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئۇن تارتىلغان، دېگەنلىك ئەمەس.
بىز بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ چەكلىك ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىنىڭ ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن
ئەھۋالنى تىلغا ئالدۇق. ھەممىگە مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقى قەدىمدىن تارتىپلا
ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. جۇڭگونىڭ
تارىختا ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلانغان تاڭ دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى،
جۈملىدىن دېھقانچىلىقى، چارۋىچىلىقى، شۇنداقلا ئۇن يېمەكلىكلىرى مەدەنىيىتىمۇ كۆرۈنەر-
لىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. شۇڭا، ئۇلاغ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇن تارتىدىغان تۈگمەنلەر
ۋە سۇ تۈگمىنى قاتارلىقلارنىڭ بولۇشى ۋە ئىشلىتىلىشى تەبىئىي. ئەلۋەتتە، ھەرقايسى
جايلاردا قانداق تۈگمەننىڭ ئىشلىتىلىشى، شۇ جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، يەنى دېھقانچىلى-
قى، چارۋىچىلىقى، سۈيى، ئۇن تارتىش تېخنىكىسىنىڭ سەۋىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

شىنجاڭدا، سۇ تۈگمىنىنىڭ قاچان مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق يازما مەلۇمات
يوق. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، تۈگمەنگە ئالاقىدار ئاتالغۇلار خېلى
كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، سۇ تۈگمىنىگە ئالاقىدار بولغان «تەگىرمەن قوغۇشى»
(تۈگمەن نورى)، «چېغرى» (چاقپەلەك، تۈگمەن چاقى)، «تۇشۇرگۇ» (چۆشۈرگە،
تۈگمەن سۈيىنىڭ دەرياغا قوشۇلغان يېرى) قاتارلىق ئاتالغۇلار[9]، ئۆز زامانىسىدا سۇ تۈگمە-
نىنىڭ خېلى ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا، بىز شىنجاڭدا سۇ تۈگمىنى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك بىلەن ماس قەدەمدە دېگۈدەك، يەنى جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە،
كېيىن دېگەندىمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن، ئىشلىتىلگەن ۋە تەدرىجىي كېڭەي-
تىلىپ ئومۇملىشىشقا يۈزلەنگەن بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلايمىز.

تۈگمەن، ئۇن يېمەكلىكلىرىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالىنى تەييارلاپ بېرىدىغان تېخنىكى-
لىق قورۇلما بولغاچقا، يۇقىرىدا بىز شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تۈگمەنچىلىكى ھەققىدە ناھايىتى
قىسقىلا توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى، شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا
بايقالغان ئۇن يېمەكلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. نان

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپلا نان ئىستېمال
قىلغان. مەسىلەن، 1991 - يىلى قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى
151 - نومۇرلۇق قەبرىدىن بۇنىڭدىن 3000 ~ 3200 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەرگە تەۋە تېرىق
ئۇنىدىن قىلىنغان توقاچ قېزىۋېلىنىدى[10]. 1991 - يىلى، پىچان ناھىيىسىدىكى يېغىلىق
دەۋرىگە، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ~ 5 - ئەسىرلەرگە تەۋە ھېسابلانغان سۇ بېشى 3 -
نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن تېرىق توقىچى تېپىلدى[11]. 1992 - يىلى، يېغىلىق دەۋرىنىڭ
ئاخىرىدىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەرگە تەۋە ھېسابلىنىلغان
سۇ بېشى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 11 - نومۇرلۇق قەبرىدىن كىچىك تېرىق توقاچلى-
رى قېزىۋېلىنىدى[12]. 1985 -، 1989 - يىللىرى چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 - نومۇرلۇق
قەبرىستانلىقتىن تېرىق توقاچلىرى قېزىۋېلىنىدى[13]. 1989 - يىلى، 2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن

قېزىۋېلىنغان تېرىق توقاچلىرى ۋە يېمەكلىك (89QZM2:04) قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن 2 دانە كىچىك تېرە خالتىغا سېلىنغان بولۇپ، ئاغزى قىزىل يۇڭ يىپتا چىگىلگەن. بىرىنچى خالتا ئىچىدە 6 دانە توقاچ بولۇپ، دىئامېتىرى تەخمىنەن 6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى تەخمىنەن 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇلار سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە كۆرۈنىدۇ. ئىككىنچى خالتىغا، سىلىندىر شەكىللىك ئۈزۈنچاق يېمەكلىك (ئەينى چاغدىكى ناننىڭ بىر خىلى بولسا كېرەك) تىن 7 دانە قاچىلانغان[*]. 1996 - يىلى، 65 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 1 دانە توقاچ (M65R:22) قېزىۋېلىندى، ئۇنى يىرىكرەك كەلگەن بۇ توقاچ سوقىچاق شەكىللىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ[*]. يۇقىرىدىكىلەر، زاغۇنلۇق 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ 2 - مەزگىلىگە، يەنى ئەمىنىيە دەۋرىدىن غەربىي خەن دەۋرىگىچە بولغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. 1984 - يىلى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 20 - ۋە 40 - نومۇرلۇق قەبرىلەردىن 8 دانە تېرىق ئۇنىدىن قىلىنغان توقاچ قېزىۋېلىندى. 20 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغىنى 6 دانە (نومۇرى 84LSIM20:2—2) بولۇپ، تېرە خالتىغا سېلىنغان. بۇ دۈگىلەك شەكىللىك توقاچلارنىڭ چوڭراقلىرىنىڭ دىئامېتىرى 6.5 سانتىمېتىر، كىچىكرەكلىرىنىڭ دىئامېتىرى 5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 40 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 1 دانە كەمتۈك توقاچ (84LSIM40:3) چىقتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.5 ~ 3 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 49 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېرىق ئۇنىدىن قىلىنغان پوم چىقتى، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 4.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يۇقىرىدىكىلەر، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىن مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. 1958 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى خەن - جىن دەۋرلىرىگە تەۋە نىيە خارابىسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرگۈزگەندە، بىر تونۇرنى بايقىغان[*]. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، جۇڭگو - ياپونىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيە خارابىسىدە يۈرگۈزگەن تەكشۈرۈشتە، 95MI نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېرىق ئۇنىدا قىلىنغان توقاچنى بايقىدى[*]. 1995 - يىلى، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقىدىن ئۇنىدىن قىلىنغان توقاچ قېزىۋېلىندى؛ 1999 - يىلى، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى خەن - جىن دەۋرلىرىگە تەۋە يىڭپەن قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش قىلغاندا، 8 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 3 دانە دۈگىلەك ياغاچ تاۋاق قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلاردىن بىرسىگە سېلىنغان قوينىڭ بېشى ۋە گۆشى ئۈستىگە بىرنەچچە قات نېپىز قوتۇرماچ قويۇلغان. يەنە بىرىنىڭ ئىچىگە جىگدە ۋە تەرتىپسىز شەكىلدىكى قىيمىلىق يېمەكلىك (پۈرە؟) قاتارلىقلار قويۇلغان[*]. 1972 - يىلى، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 149 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان 1 دانە نان (نومۇرى 72TAM149:10) قېزىۋېلىندى. يۈزىگە چەككۈچ چېكىلگەن بۇ نان پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرىسى نېپىز، چۆرىسى قېلىنراق كەلگەن بۇ ناننىڭ دىئامېتىرى 19.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ[*]. 1972 - يىلى يەنە، تۇرپان ئاستانىدىكى 187 - نومۇرلۇق قەبرىدىن بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان، دىئامېتىرى 7.7 سانتىمېتىر كېلىدىغان 1 دانە توقاچ (72TAM187:170) قېزىۋېلىندى[*]؛ 1973 - يىلى، 191 - نومۇرلۇق قەبرىدىن يۈزىگە كۈنجۈت سېپىلگەن،

دىئامېتىرى 3.9 سانتىمېتىر كېلىدىغان بوغداي توقچى چىقتى.

2. ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر

1) پوشكال: چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ Ⅲ مەزگىل مەدەنىيىتىگە تەۋە (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن جىن سۇلالىسىگىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ) M73 نومۇرلۇق قەبرىدىن يۈزىگە جۇخۇا گۈلى شەكلى قاپارتما قىلىپ چىقىرىلغان پوشكالدىن 5 دانە (دىئامېتىرلىرى 7.4 ~ 8.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ)، نېپىز پوشكالدىن 1 دانە (ئۇششاق پارچىلىنىپ كەتكەن) قېزىۋېلىندى[*].

2) تولغىما قۇيماق (ماخۇار): يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان M73 نومۇرلۇق قەبرىدىن، يەنە 3 دانە تولغىما قۇيماق (ئۇزۇنلۇقى 9 ~ 9.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ) قېزىۋېلىندى[*]. بۇنىڭدىن باشقا، 1972 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 187 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، تاڭ دەۋرىگە تەۋە بولغان 2 دانە تولغىما قۇيماق (72TAM187:170) قېزىۋېلىندى. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاساسەن ساق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6.8 سانتىمېتىر؛ يەنە بىرى، كەمتۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

3) زىخقا ئۆتكۈزۈپ ياغدا پىشۇرۇلغان خېمىر

1960 - يىلى، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 338 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، بۇ خىل يېمەكلىكتىن 2 زىخ چىقتى. 60TAM338:25 نومۇرلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32 سانتىمېتىر، 60TAM338:27 نومۇرلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 29 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

3. تالقان

تالقان دانلىق زىرائەتلەردىن تارتىلغان ئۇننى، قوي ياكى كالا يېغى سېلىپ قىزىتقان قازانغا تۆكۈپ، سۇس ئوتتا ئۇزاق قورۇغاندىن كېيىن تەييار بولىدىغان بىرخىل يېمەكلىك. ئۇزاق تارىختا ئىگە بۇ يېمەكلىكنى ئۇزۇنغىچە ساقلاشقا، سەپەرلەردە ئېلىپ يۈرۈپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. 1984 - يىلى، لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن كىچىك تېرە خالتىغا قاچىلانغان تالقان قېزىۋېلىندى[*]. ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىن مىلادىيە 3 - ئەسىرگىچە بولغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ.

4. سۇيۇقئاش

1992 - يىلى، پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىكى 11 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، ساپال ھېجىرغا سېلىنغان قۇرۇپ كەتكەن سۇيۇقئاش خېمىرى (تېرىق ئۇنىدا يۇغۇرۇلغان) قېزىۋېلىندى[*]. خېمىرلارنىڭ ئۇزۇنى 8.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500 ~ 300 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. 1968 - يىلى، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 104 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 18 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ ئاياغ ئىچىگە سېلىنغان، قۇرۇپ كەتكەن ئۇگرە قېزىۋېلىندى[*].

5. جۇۋاۋا

1959 - يىلى، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 301 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، 3 ساپال تەخسىگە سېلىنغان 3 دانە جۇۋاۋا؛ 1960 - يىلى 339 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، ئۈچ ساپال تەخسىگە سېلىنغان ئۈچ دانە جۇۋاۋا (60TAM339:13, 35, 36)؛ 1968 - يىلى

103 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن، ئايرىم ھالدا 4 رەڭلىك ياغاچ تەخسىگە سېلىنغان 4 دانە جۈۋاۋا (68TAM103:3,24,28,29) 1972 ـ يىلى 153 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن 2 دانە جۈۋاۋا (72TAM153:16,42)، 155 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن 1 دانە جۈۋاۋا (72TAM155:16) قېزىۋېلىندى*. 1986 ـ يىلى، 384 ـ 391 ـ نومۇرلۇق سەككىز قەبرىدىن، ساپال قاچىغا سېلىنغان 8 دانە جۈۋاۋا قېزىۋېلىندى*. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ دەۋرىگە تەۋە. 1990 ـ يىلى، پىچان ناھىيىسىدىكى ئۈچكۆۋرۈك قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 10 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن، شەكلى ھازىرقى جۈۋاۋىنىڭكىگە ئوخشايدىغان 3 دانە چىرىگەن جۈۋاۋا قېزىۋېلىندى. ئۇلارنىڭ دەۋرى جىن سۇلالىسىدىن جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان زامانلارغا (مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەرگە) توغرا كېلىدۇ.

6. چۆچۈرە

1969 ـ يىلى، تۇرپان ئاستانىدىكى تاڭ دەۋرىگە تەۋە 117 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن بېجىرىم ساقلانغان 2 دانە چۆچۈرە (69TAM117:7) قېزىۋېلىندى.

7. پېچىنە ـ پىرەنىكلەر

قەدىمكى زامان پېچىنە ـ پىرەنىكلىرى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن خېلى نۇرغۇن قېزىۋېلىندى. قەدىمكى زامان يېمەكلىكلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى ھېسابلانغان بۇ پېچىنە ـ پىرەنىكلەردىن، قەدىمكى تۇرپان ئاھالىلىرىنىڭ ئۇن تارتىش تېخنىكىسىنىڭ ۋە پېچىنە ـ پىرەنىك تەييارلاش، پىشۇرۇش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا يېمەكلىكلەرنىڭ كۆركەم بولۇشىغا ۋە ئۇلارنىڭ چىرايلىق شەكىللىرىدىن ھۇزۇرلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ناھايىتى چىرايلىق ياسالغان پېچىنە ـ پىرەنىكلەر، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان رەڭدار سىزما رەسىملەر (دۇردۇن، كاناپ رەخت ۋە قەغەز قاتارلىقلارغا سىزىلغان، ياغاچ ۋە لايدا ياسالغان رەڭدار ھەيكەل ـ قورچاقلار قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە، ئەينى زاماندىكى، بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىدىكى تۇرپان گۈزەل ـ سەنئىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. تۆۋەندە، تۇرپان ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز (جەدۋەل ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ. دىئامېتىر، ئۇزۇنلۇق، سانتىمېتىر دېگەن سۆزلەر قىسقارتىلىپ د، ئۇ، س م دەپ ئېلىندى.)

1) جۈخۇا گۈلى شەكىللىك پېچىنە ـ پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 2 | تاڭ | كەمتۈك | د: 5.8 ~ 5.9 س م |

2) ئېچىلغان گۈل نۇسخىلىق پېچىنە ـ پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM230:20 | 1 | تاڭ | ئاساسەن ساق | د: 6.5 س م |

3) گۈل بەرگىسىمان يۇمىلاق پىچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 1 | تاڭ | ئاساسەن ساق | ئۇ: 6 سم |

4) قايىنام نۇسخىلىق ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك پىچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 1 | تاڭ | ئاساسەن ساق | ئۇ: 7 سم |

5) كېپىنەك شەكىللىك پىچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 1 | تاڭ | كەمتۈك | 6.8×6 سم |

6) تۆت بۇرجەك شەكىللىك پىچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 1 | تاڭ | كەمتۈك | 2.2×2.3 سم |

7) ھالقىسىمان پىچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 1 | تاڭ | كەمتۈك | د: 6 سم |

8) قايىنام شەكىللىك پىچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 1 | تاڭ | ئاساسەن ساق | د: 7.3 سم |

9) تۆت بەرگىلىك گۈل شەكىللىك پىچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 2 | تاڭ | كەمتۈك | 2.5×2.6 سم<br>2.3×2.4 سم |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



10) مېيخوا گۈلى شەكىللىك پېچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 66TAM54.9 | 1 | تاڭ | كەمتۈك | د: 5.9 سم |
| 72TAM187:170 | 1 | تاڭ | ئاساسەن ساق | د: 5.7 سم |

11) يوپۇرماق شەكىللىك پېچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 4 | تاڭ | ئاساسەن ساق | 4×11.4 سم<br>5.2×9 سم<br>4.3×10.3 سم<br>4.2×9.3 سم |
| 72TAM187:170 | 2 | تاڭ | كەمتۈك | 5.8×7.4 سم<br>ئۇ: 6 سم |
| 72TAM187:170 | 1 | تاڭ | سۇنۇپ 4 پارچە بولۇپ كەتكەن | 7×8.3 سم |

12) قات - قات پېچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170 | 2 | تاڭ | سۇنۇپ ئىككى پارچە بولۇپ قالغان | 2.7×3.2 سم<br>2.3×2.2 سم |

13) يۈگمە پېچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 60TAM331:01 | 2 | شىمالىي سۇلالىلەر | ئاساسەن ساق ئۈستىگە گۈل چەككەن | (1) ئۇ: 18.3 سم، د: 2.9 سم<br>(2) ئۇ: 67.7 سم |
| 72TAM150:2 | 1 | غەربىي ئايماق | كەمتۈك | ئۆلچىمى بېرىلمىگەن |
| 72TAM151:18 | 1 | غەربىي ئايماق* | كەمتۈك | ئۆلچىمى بېرىلمىگەن |
| 72TAM169:63 | 1 | 499 ~ 640 - يىللار | كەمتۈك | ئۇ: 15 سم |

* غەربىي ئايماق: تاڭ سۇلالىسى قوچودا غەربىي ئايماق تەسىس قىلغان چاغنى، يەنى مىلادىيە 640- يىلىدىن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

14) سىلىندىر شەكىللىك پىچىنە - پىرەنىك

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 72TAM187:170/1 | 1 | تاڭ | ساق | ئۇ: 5.9 سم، د: 2 سم |
| 72TAM187:170/2 | 1 | تاڭ | ساق | ئۇ: 5.2 سم، د: 1.8 سم |
| 72TAM187:170/3 | 1 | تاڭ | ساق | ئۇ: 5 سم، د: 2 سم |
| 72TAM187:170/4 | 1 | تاڭ | ساق | ئۇ: 5 سم، د: 1.9 سم |
| 72TAM187:170/5 | 1 | تاڭ | ساق | ئۇ: 5.6 سم، د: 1.3 سم |
| 72TAM187:170/6 | 1 | تاڭ | ساق | ئۇ: 5 سم، د: 2.2 سم |
| 72TAM187:170/7 | 1 | تاڭ | ساق | ئۇ: 4.8 سم، د: 1.9 سم |
| 72TAM187:170/8 | 1 | تاڭ | ساق | ئۇ: 5.8 سم، د: 2 سم |

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 187 -، 191 -، 192 -، 193 -، 222 - ۋە 226 - نومۇرلۇق قەبرىلەردىن چىققان ۋە 1972 -، 1973 - يىللىرى قېزىۋېلىنغان نۇرغۇن پىچىنە - پىرەنىكلەر رەتلىنىپ تۇرگە ئايرىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ 187 - نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققانلىرى تاڭ دەۋرىگە، قالغان قەبرىلەردىن چىققانلىرى تاڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان غەربىي ئايماق مەزگىلىگە تەۋە ھېسابلىنىدۇ. يەنە، 1967 - يىلى قېزىلغان 76 - نومۇرلۇق، 1969 - يىلى قېزىلغان 117 - نومۇرلۇق (يۇقىرىدىكى 2 قەبرە تاڭ دەۋرىگە تەۋە)؛ 1972 - يىلى قېزىلغان، چۇ جەمەتى قۇرغان قوچو بەگلىكى مەزگىلىگە (499 ~ 640 - يىللارغا) تەۋە بولغان 149 - ۋە 153 - نومۇرلۇق؛ تاڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان غەربىي ئايماق مەزگىلىگە تەۋە ھېسابلانغان 191 -، 225 -، 227 - نومۇرلۇق قەبرىلەردىن چىققان ئۇن يېمەكلىكلىرىنىڭ ئۇۋاقلىرى ئارىسىدا، پىچىنە - پىرەنىك پارچىلىرىمۇ بار.

8. خېمىردىن ياسالغان قورچاقلار

1960 -، 1966 -، 1969 -، 1972 - ۋە 1973 - يىللىرى، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تازىلاش جەريانىدا، خېمىردىن ياسالغان ئادەم شەكىللىك قورچاقلار (ئاز ساندا ھايۋان شەكىللىكلىرىمۇ بار) خېلى كۆپ تېپىلدى[①]. تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھەرخىل قورچاقلار ئىچىدە، ياغاچ ۋە لايدىن ياسالغانلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قورچاقلارنى قوللارنىڭ ئورنىدا جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىش، ئېلىمىزدە ئەمىنىيە - يىغىلىق دەۋرلىرىدە

باشلانغان. تۇرپان رايونىدا، بۇ خىل ئادەت شەرقىي جىن خانلىقى ، 16 بەگلىك زامانىسىدا پەيدا بولغان. شۈبھىسىزكى، بۇخىل دەپنە ئادىتى خەنزۇ خەلقىنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تۇرپان ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان خىمىردىن ياسالغان قورچاقلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان دەپنە ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ھايۋانات شەكىللىك قورچاقلارنىڭمۇ تېپىلغانلىقىدىن قارىغاندا، خىمىردىن ياسالغان قورچاقلار مېيىت-لارنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ئاتالغان يېمەكلىك بولۇش ئېھتىمالى باردەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى-مۇ ئۇن يېمەكلىكلىرى قاتارىغا كىرگۈزدۇق.

| نومۇرى | سانى | دەۋرى | ساقلىنىشى | ئۆلچىمى |
|---|---|---|---|---|
| 60TAM309:39 | 1 | 499 ~ 640 - يىللار | ساق | ئېگىزلىكى 4، قېلىنلىقى 2.2 سم |
| 60TAM314:11 | 1 | 499 ~ 640 - يىللار | ساق | ئېگىزلىكى 3.8، كەڭلىكى 2.6، قېلىنلىقى 0.6 سم |
| 66TAM43:7 | 7 | تاڭ | ئاساسەن ساق | 6×2.2 سم |
| 66TAM55:12 | 3 | تاڭ | ئاساسەن ساق | ئۇ: ① 6.2، ② 5.7 سم ③ 7.8 سم (چوشقا) |
| 69TAM117:28 | 3 | تاڭ | ئاساسەن ساق | ئېگىزلىكى 6.2 ~ 3.3 سم |
| 69TAM117:32 | 1 | تاڭ | كەمتۈك (بېشىلا ساقلىنىپ قالغان) | ئېگىزلىكى 3 سم |
| 69TAM117 | 1 | تاڭ | ئاساسەن ساق | ئۆلچىمى بېرىلمىگەن |
| 69TAM117:55 | 1 | تاڭ | ئاساسەن ساق | ئېگىزلىكى 3.8 سم |
| 72TAM154:7 | 1 | 499 ~ 640 - يىللار | ساق | ئۆلچىمى بېرىلمىگەن |
| 72TAM154:11 | 1 | 499 ~ 640 - يىللار | كەمتۈك | ئۆلچىمى بېرىلمىگەن |
| 71TAM169:30 | 1 | 499 ~ 640 - يىللار | ساق | ئېگىزلىكى 13 سم |
| 72TAM227:24 | 1 | غەربىي ئايماق | كەمتۈك | ئۆلچىمى بېرىلمىگەن |

www.uyghurkitap.com

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئېگىزلىكى 6.6 سم | كەمتۈك | غەربىي ئايماق | 1 | 73TAM214:76 |
| ئېگىزلىكى 11، كەڭلىكى 3 سم | كەمتۈك | غەربىي ئايماق | 1 | 73TAM232:2 |
| ئېگىزلىكى 11، كەڭلىكى 3 سم | كەمتۈك | غەربىي ئايماق | 1 | 73TAM232:12 |
| ئۆلچىمى بېرىلمىگەن | كەمتۈك | غەربىي ئايماق | 1 | 73TAM232:17 |
| ئۆلچىمى بېرىلمىگەن | كەمتۈك | غەربىي ئايماق | 1 | 73TAM232:18 |
| ئۆلچىمى بېرىلگەن | ساق | غەربىي ئايماق | 1 | 73TAM232:19 |
| ئۆلچىمى بېرىلمىگەن | | غەربىي ئايماق | 1 | 73TAM232:20 |

9. زىخلىق ئۇن يېمەكلىكلىرى*

1) زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇششاق توقاچ

| ئۆلچىمى | ساقلىنىشى | دەۋرى | سانى | نومۇرى |
|---|---|---|---|---|
| ① ئۇ: 35.6، د: 0.8 ~ 0.6 سم | كەمتۈك | غەربىي ئايماق | 2 زىخ | 60TAM337 |

2) ياغاچ ئۆتكۈزۈلگەن يۆگىمە خېمىرلىق يېمەكلىك

| ئۆلچىمى | ساقلىنىشى | دەۋرى | سانى | نومۇرى |
|---|---|---|---|---|
| ياغىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 سم<br>خېمىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 سم | كەمتۈك | تاڭ | 1 | 66TAM43:11 |

10. قىيمىلىق يۆگىمە خېمىرلىق يېمەكلىك*

| ئۆلچىمى | ساقلىنىشى | دەۋرى | سانى | نومۇرى |
|---|---|---|---|---|
| 4.6 × 2.3 سم | بىرى ساق، بىرى كەمتۈك | سۇي | 2 | 60TAM340:6 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

11. قىيمىلىق يېمەكلىك

1999 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى خەن ـ جىن دەۋرلىرىگە تەۋە يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 8 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن چىقتى®.

خۇلاسە: شىنجاڭدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى بۇنىڭدىن 3 ~ 4 مىڭ يىللار بۇرۇنقى برونزا دەۋرىدە، ئۇن يېمەكلىكلىرىنى ئىستېمال قىلغان. ئەڭ قەدىمكى ئۇن يېمەكلىكى تېرىق نېنى (توقىچى) بولغان ۋە خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە بۇ خىل نان ئىستېمال قىلىنغان. جەمئىيەتنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۆپىيىشى ، قەدىمكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇن يېمەكلىكلىرىنىڭ تۈرى كۆپەيگەن، سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ياساش ھۈنىرىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تاكامۇللاشقان. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، 1979 ـ يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى 4 مىڭ يىلغا يېقىن تارىختا ئىگە گۈمۈگۈ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بۇغداي قېزىۋېلىنغان بولسىمۇ، بىراق بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان قېزىۋېلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ دەۋرى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. بىراق، بۇنداق دېگەنلىك، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان يېمەكلىك بولمىغان دېگەنگە باراۋەر ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇن يېمەكلىكلىرى ئىچىدە، ئارپا ئۇنىدىن قىلىنغانلىرىمۇ بولسا كېرەك. بىر قىسىم جايلاردىن تېپىلغان ئۇن يېمەكلىكلىرىگە قارىتا، تەجرىبە قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش خىزمىتى ئىشلەنمىگەچكە، بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش دوكلاتلىرىدا يېمەكلىكنىڭ ئۇنى ھەققىدە ھېچنېمە دېيىلمىگەن.

شىنجاڭدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىۋاتقان ئىزلاردىن تاش توقماقچىسى بار يارغۇنچاق تېپىلدى. بۇ خىل يارغۇنچاق ئاساسەن دانلىق ئاشلىقلاردىن يارما چىقىرىدىغان سايمان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىمۇ دانلارنى ئوبدان يەنچىسە، يىرىكرەك بولسىمۇ ئۇن چىقارغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل يارغۇنچاقلارمۇ شىنجاڭنىڭ ئۇن تارتىش تېخنىكىسىنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىز شىنجاڭدا برونزا دەۋرىدىن ئىلگىرى ئۇن يېمەكلىكى زادى بولمىغان دەپ كەسكىن ھۆكۈم چىقىرالمايمىز.

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يېمەكلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، تاڭ دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ بۇغداي ئۇنى يېمەكلىكلىرىنىڭ تۈرى كۆپ ھەم كۆركەم بولۇپ، ئۇلار ئەينى چاغدىكى ئۇن تارتىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، ئۇن يېمەكلىكلىرى تەييارلاش ھۈنەر ـ ماھارىتىنىڭ ئۈستۈن سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

*ئىزاھلار* (ئىزاھتىكى ئۇيغۇرچە دەپ ئەسكەرتىش بېرىلمىگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە ماتېرىياللاردۇر):

① يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى»، جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل.

② ئى. يۇسۇپ، ئە. قاسىم: «ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن شىنجاڭ تۇگمەنچىلىكىنىڭ تارىخىغا نەزەر» يېقىندا ئېلان قىلىنىدۇ.

⑩③ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «قۇمۇل قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 151 ـ، 152 ـ نومۇرلۇق قەبرىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1992 ـ يىل 3 ـ سان. 151 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان تېرىق توقچىنىڭ ئۈنىنى قول بىلەن چۆرۈيدىغان يارغۇنچاقتا تارتىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

④ گۇباۋ: «مىللەتلەر تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، 10 ـ بەت.

⑤ قوتۇرماچ: خەنزۇچە [illegible] دېيىلگەن، بىز «قوتۇرماچ» دەپ ئالدۇق.

⑥ لى خۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «خەن ـ تاڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىل، 70 ـ بەت.

⑦ ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتى: «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1993 ـ يىل 1 ـ سان.

⑧ ش ئۇ ئا ر مۇزېيى: «جۇڭگو مۇزېيلىرى، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقى نەشرىياتى، 1991 ـ يىل.

⑨ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە نەشرى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، I توم (1981 ـ يىل) 478 ـ، 637 ـ بەتلەر؛ Ⅲ توم (1983 ـ يىل) 54 ـ بەت.

⑪ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيى: «پىچان سۇ بېشى قەبرىستانلىقلىرىدىن 3 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىق»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1994 ـ يىل 2 ـ سان.

⑫㉖ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى باشقۇرۇش ئورنى: «پىچان سۇ بېشى قەبرىستانلىقلىرىدىن 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1993 ـ يىل 4 ـ سان.

⑬ ئابدۇقېييۇم خوجا: «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل.

⑭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى باشقۇرۇش ئورنى: «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى 1989 ـ يىلىدىكى تازىلاشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1992 ـ يىل 2 ـ سان.

⑮㉓㉔ ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى باشقۇرۇش ئورنى، چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قوغداش ئورنى: «شىنجاڭ چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 2003 ـ يىل 1 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

⑯ ش ئۇ ئا ر مۇزېيى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «جۇڭگو شىنجاڭ سامپۇل قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىلىشى ۋە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل.

⑰ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن خېڭجى: «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدىكى بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1996 ـ يىل 1 ـ سان. مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى 1958 ـ يىلى نىيە خارابىسىدىن تونۇر بايقالغانلىقىنى تىلغا ئالغان، بىراق ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆرسەتمىگەن، بىز ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن نىيەدىن تونۇر بايقالغانلىقىغا ئائىت خەۋەرنى ئۇچراتمىدۇق.

⑱ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «نىيە خارابىسىدىكى 95NMI نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 3 ـ نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1999 ـ يىل 2 ـ سان.

⑲ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ لوپنۇردىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقىنى 1995 ـ يىلىدىكى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 2001 ـ يىل 1 ـ 2 ـ بىرلەشمە سان؛ «شىنجاڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يىڭپەن قەبرىستانلىقىنى 1999 ـ يىلىدىكى قېزىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 2001 ـ يىل 3 ـ 4 ـ بىرلەشمە سان.

⑳ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى تۈزگەن: «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقى نەشرىياتى، 1975 ـ يىل.

㉑㉗㉘㉛㉝㉞㉟ ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

㉒ «شىنجاڭ يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسىدىكى ئېسىل بۇيۇملار»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1998 ـ يىل.

㉕ ئەخمەت رىشىت: «لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1985 ـ يىل 1 ـ سان.

㉙ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى باشقۇرۇش ئورنى: «1986 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە» 1992 ـ يىل 2 ـ سان.

㉚ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ پىچان ناھىيىسىدىكى ئۈچكۆۋرۈك قەدىمكى قەبرىلىرىنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك تازىلاش ـ قېزىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1997 ـ يىل 2 ـ سان.

㉜ ئىزاھ ⑧⑳㉒ لەردە كۆرسىتىلگەن كىتابلارغا بىر قىسىم پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنىڭ فوتو سۈرىتى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان پېچىنە ـ پىرەنىكلەر، ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

㊱ ئىزاھ ⑲ دا كۆرسىتىلگەن ماقالىدە، بۇ قىيمىلىق يېمەكلىك « 馅饼 » دەپ ئاتالغان، بىراق تەپسىلىيرەك تەسۋىرلەنمىگەن. بىز ئۇنى ھازىرچە «قوتۇرماچ» دەپ ئاتاپ تۇردۇق.

# ئەبۇبەكرى زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە

ئابدۇرېھىم ھاشىم

مەن ماقالەمنى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «... بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تارىخىنى يوقاتسا، مەدەنىيەت تارىخىنى يوقاتسا، ئىلغار ئەنئەنىسىنى ئۇنۇتسا، ئەتىئەتمەن قۇلغا، ئەتىئەتمەن ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ ...» دېگەن مۇھىم ئىلمىي باياننىڭ تۈرتكىسى ئاساسىدا بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى پەردىسىنى ئېچىپ قارىغاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى كاتالوگىدا تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇپ تونۇشتۇرۇلمىغان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى، شائىر - يازغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە يېزىپ چىققان ئىلمىي ئەسەرلىرى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ كەسكىن يىمىرىش خاراكتېرلىق تارىخىي زەربىسى تۈپەيلى يوقالغان ياكى ئۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، مەن يېقىندا قولۇمدىكى بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋېتىپ تاسادىپىي بىر ۋەخپىنامىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ ۋەخپەنامىدا مۇنداق بىر تارىخىي مەلۇمات يېزىلغان. «... ھىجرىيىنىڭ 1286 - يىلى (مىلادىيە 1869 - 1870 - يىللار) ماھى جەمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە يەتتىسى شەنبە كۈنى ئىدى. مەنكى مۇھەممەد ئەلى ئاخۇننىڭ ئوغلى غوجى ئەھرار ئاخۇندۇرمەن ... قەشقەر سەمەندىكى توغراقلىق مازارىغا دەپنە قىلىنغان مەۋلانا جامالىددىن، مەۋلانا مەنسۇر، مەۋلانا ئابدۇجاپپار، مەۋلانا ھادى، مەۋلانا ھاپىز، مەۋلانا ئابۇبەكرى بەرىكات، مەۋلانا پەخرىددىن ئۆمەرلەرگە تازغۇن قازما كەنتىدىكى بىر پاتمانلىق، بەشكېرەمگە تەۋە تۇتۇرگە كەنتىدىكى 5.2 پاتمانلىق يېرىمنى ۋەخپە قىلدىم ...» دېيىلگەن. بۇ تارىخىي ۋەخپىنامىنىڭ ئاخىرىغا، قەشقەر شەرئىي مەھكىمىسىنىڭ قازىلىرىدىن خۇدايار ئىبنى داموللا ئامانقۇل، قازى رەئىس ئەھمەت خوجابىننى ياقۇپخان قاتارلىق 3 قازىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان. گۇۋاھچىلاردىن مىر ئابدۇللا بەگ يۈز بېشى قاتارلىق گۇۋاھلىق بەرگەن يەتتە كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان بولۇپ، مەركۇر ۋەخپىنامىدا تىلغا ئېلىنغان يەتتە مەۋلانانىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى كاتالوگىدا ئىسمىنىڭ يوق ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلەندىم. «تارىخى رەشىدىي» «تارىخى ھەمىدىيە» ۋە باشقا تارىخىي كىتابلارنى ۋاراقلاپ ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆپ ئەپسۇسلاندىم. كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى ئايانكى، قەشقەر ۋەخپىنامىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خانىغا ۋە سوپى - ئىشانلارغا، ئاپاق خوجا مازارلىقىغا، مازارى ماشايىخلارغا قىلىنغان ۋەخپىنامە بولۇپ، ئالىملارغا ئاتاپ قىلىنغان ۋەخپىنامىلار نىسبەتەن ئاز. مېنىڭ پەرىزىمچە بۇ مەۋلانا (ئالىملارنىڭ پېشۋاسى) لارنىڭ ياشىغان تارىخىي دەۋرى سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان دەۋر بولۇپ، ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ «كىتاب كۆيدۈرۈش» جاھالەت زامانىدا بۇ مەۋلانالارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىلمىي ئەسەرلىرى كۆيدۈرۈلگەن بولسا كېرەك. مانا بۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى كاتالوگىدا ئورۇن ئالالمىغان يەتتە ئۇيغۇر مەۋلانا ئالىملىرىنىڭ تارىخىي تەقدىرى. بۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئېغىر زەربىنىڭ بىر مىسالى. مەن بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى خۇسۇسىي ئىش بىلەن قەشقەردىن ئاستىن ئاتۇشقا بېرىپ ئابلەت ھاجىم ۋە رىشادخان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ سۆھبەتتە بولغان ئىدىم. ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە رىشادخان ئاكا ئاستىن ئاتۇش ئازغان كەنتىدە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم، شائىر ۋە مەتبۇئاتچى ئەبۇبەكرى زەلىلى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلەپ كېلىپ، ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ 1930 ـ يىللاردا خوجىنىياز ھاجىنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ ۋە بۇ قوزغىلاڭنى قىزغىن مەدھىيىلەپ يازغان نەزمىسىنى ئوقۇپ بەرگەن ئىدى. مەن شۇ سورۇندا بۇ نەزمىنىڭ بىر قىسمىنى يېزىۋالغان ئىدىم. بۇ ھەقتە ئۇز ۋاقتىدا ئەبۇبەكرى زەلىلى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىشكە ئىمكانىيەت بولمىغان ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ توغرۇلۇق بىرەر پارچە ماقالە يېزىش ئىستىكى بىلەن ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ بىر قىسىم مەلۇماتلارنى ئىگىلىگەن ئىدىم. شۇڭا، بۇ تارىخىي مەلۇماتلارنى رەتلەپ «ئەبۇبەكرى زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ھايات خاتىرىسى» نامىدا بۇ ماقالەمنى يېزىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

بۇ مەرھۇم زاتنىڭ ئىسمى ئەبۇبەكرى، تەخەللۇسى زەلىلى بولۇپ، 1898 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئاستىن ئاتۇش رايونىنىڭ ئازغان كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات بۇرھاندىن ئىمام ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1939 ـ يىلى دۆربىلجىندە شېڭ شىسەي يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن زىياپەت ئۈستىدە زەھەر بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىدىكى يېشى 41 لەردە ئىدى. ئەبۇبەكرى زەلىلى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغان بولۇپ، 1912 ـ يىلى 14 ياش ۋاقتىدا قۇرئان خەتمىسىدىن ئۆتكەن. بۇرھاندىن ئىمام ئۆز پەرزەنتىنىڭ قۇرئان خەتمىسىدىن «لوقما يېمەي» ئۆتكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولغان ۋە ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئۆتكۈر، قابىلىيەتلىك ئالىم بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ ئانىسى ئايلاخېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر مەدرىسىلەردىن بىرى بولغان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسىسى» گە ئوقۇشقا بېرىدۇ. كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئايانكى، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسىسى» قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇزلۇق مەدرىسىلەردىن بىرى بولغاچقا، بۇ مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرى نوپۇزلۇق ئالىملاردىن ئىدى.

ئەبۇبەكرى زەلىلى بۇ مەدرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، مەشھۇر مۇدەررىس ھابىل ھاجىم قاتارلىق مۇدەررىسلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇتۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ مەدرىسىدە ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ تەلەپكە مۇناسىپ ھالدا تىرىشىپ ئوقۇيتتى. مەدرىسىدە ئاۋۋال ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىش شەرت قىلىناتتى. ئەبۇبەكرى زەلىلى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەرەبى ۋە پارس تىللىرىنى بىرقانچە يىل ئۆگىنىپ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن. مەدرىسىدە ئاساسىي دەرسلەردىن سىرت ئاسترونومىيە، تارىخ، تەبىئەت؛ جەرراھلىق (تېبىبىي ئىلىم) قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن سىرت، نەۋائى قاتارلىق نوپۇزلۇق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ چوقۇم ئۆگە-

نىش شەرت قىلىناتتى. مەسىلەن، ھىجرىيىنىڭ 1275 ـ يىلى (مىلادىيە 1858 ـ 1859 ـ يىللىرى) كاتىپ موللا ئابدۇرېھىم بىننى موللا ھەسەن مەشھەدى (ئاستىن ئاتۇش مەشەتلىك) ئابدۇرېھىم نىزارى تەييارلىغان نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ، كۆپەيتىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن دەرسلىك قىلىپ تەييارلىغان بولۇپ، بۇ نۇسخا ھازىر قولۇمدا بار. بۇنىڭدىن باشقا، ھىجرىيىنىڭ 1282 ـ يىلى (مىلادىيە 1855 ـ 1856 ـ يىللىرى) ئۇلۇغبەگنىڭ ئاسترونومىيە ھەققىدىكى كىتابىغا قوشۇپ تۈپلەنگەن دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر شەھەرلەر، قەبىلىلەر، تاغ ـ دەريالار، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار، ئادەمدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ داۋاسى قاتارلىق مەلۇماتلار يېزىلغان 256 ۋاراقلىق كىتاب ئاستىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ مەدرىسە ئوقۇغۇچىلىرىغا تارقىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭمۇ بىر نۇسخىسى مەندە ساقلىنىۋاتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى پارچە كىتاب ئاساسي دەرسلەردىن سىرت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان دەرسلىك قىلىنغان. يۇقىرى سەۋىيىلىك بىلىم ئۇچىقى بولغان مەزكۇر مەدرىسىدە ئەبۇبەكرى زەلىلى تۈرلۈك ساھەدىكى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش جەريانىدا قوشۇمچە دەرسلىكلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، بولۇپمۇ نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ ئۇستازلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان. ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئەبۇبەكرى زەلىلى نەزمە يېزىشتا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، كەلگۈسىدىكى شېئىرىيەت تەرەققىياتىغا ياخشى ئاساس سالغان. ئەبۇبەكرى زەلىلى 1912 ـ 1923 ـ يىلىغىچە بولغان 11 يىللىق مەدرىسە ھاياتىدا نوپۇزلۇق دىنىي كىتابلاردىن «سەرپ نەھۋى»، «جەلالى»، «مۇشكات»، «تەپسىرى ھۈسەيىن» نى توگىتىپ ئىمتىھاندىن ياخشى باھا بىلەن ئۆتۈپ ئوقۇشنى تاماملىغان. ئەبۇبەكرى زەلىلى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردە ئۆز يۇرتىدىكى ھەمراخان ئىسىملىك قىزغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، بۇ ئائىلىدىن تۇرسۇنخان، مۇھەممەد ئىسىملىك ئىككى پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، بۇلار ھازىر ھايات بار. ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ ئۆتكۈر ئالىم ۋە خەلقپەرۋەر زات ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆز دەۋرىدىكى زامانداشلىرى كېيىنكىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ۋەقەنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

1. ئەبۇبەكرى زەلىلى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە رامىزان ئېيى كىرىش بىلەن «قۇرئان خەتمىسى» باشلىنىپتۇ. ئۇستازى ھابىل خەتمىنى باشلاپ بېرىش ئۈچۈن خەتمىگە يىغىلغان قارىلار ۋە جامائەت ئالدىدا قۇرئان خەتمىسىگە تۇرۇپ قۇرئان سۈرىلىرىنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. سۈرىنى ئوقۇپ كېلىۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە، سۈرىنى خاتا ئوقۇپتۇ، دەرھال ئەبۇبەكرى زەلىلى ئۇستازىغا «لوقما تاشلاپتۇ»، ئۇستازى سۈرىنى قايتا تۈزىتىپ ئوقۇپتۇ. ئەتىسى دەرسخانىغا كەلگەن ئەبۇبەكرى زەلىلىنى ئۇستازى ھابىل ھاجىم دەرسخانىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇستازى ھابىل ھاجىم ئەبۇبەكرى زەلىلىنى چاقىرتىپ كېلىپ، «ئەبۇبەكرى ئاخۇن سىلە توغرا قىلدىلا، قۇرئان سۈرىلىرىنى خاتا ئوقۇش ناھايىتى زور گۇناھ، مېنى كەچۈرسىلە ...» دەپ ئەپۇ سورىغان ئىكەن. بۇ ۋەقەدىن بىز ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

2. ئەبۇبەكرى زەلىلى ئۆزى ياشىغان تارىخى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە

كەمبەغەللەرنىڭ قىيىن ئەھۋالى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرىدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە
دۈشەنبە كۈنى ئاستىن مەشھەد بازىرىغا بېرىپ ئائىلىسىگە بىر جىلىڭ گۆش ئېلىپ قايتىدۇ.
مەھەللىسىگە كەلگەندە ئىككى تۇل ئايالنىڭ ئىشىك ئالدىدا مۆڭگىلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ ئازابلىنىدۇ ـ دە، دەرھال ئىككى ئايالغا قاراپ: «سىلەرگە
دۈشەنبىلىك گۆش ئالغاچ كەلدىم①» دەپ گۆشنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى ئايالنىڭ قولىغا
بېرىدۇ. بۇ ئىككى تۇل ئايال ھاياجىنىنى باسالماي، كۆزىگە ياش ئېلىپ رەھمەت ئېيتىدۇ.
ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ قورۇق قول ئۆيگە كىرگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى ھەمراخان ئەبۇبەكرى
زەلىلىگە قاراپ: «داموللام قېنى گۆشلىرى، مەن بۈگۈن دۈشەنبە بولغاچقا ئارتۇچ چۆپىگە
خېمىر يۇغۇرۇپ قويغان ئىدىم» دەپ سوراپتۇ. ئەبۇبەكرى زەلىلى خوتۇنىغا قاراپ: «بۈگۈن
گۆشسىز پېتىر چۆپ قىلسىلىمۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەتىسى گۆشنىڭ خەۋىرىنى
بىلگەن ھەمراخان ئۆز يولدىشىنىڭ كەمبەغەلپەرۋەر بىر ئۇلۇغ ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ
چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. بىز بۇ بىر جىڭ گۆش ۋەقەسىدىن ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ خەلقپەرۋەر
ماھىيىتىنى بىلىۋالالايمىز. ئەبۇبەكرى زەلىلى بىر مەزگىل ئائىلىسىدە تۇرغاندىن كېيىن،
چەت ئەل مەدرىسىلىرىدە تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىم ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە، ئاتا ـ
ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ 1923 ـ 1930 ـ يىللىغىچە بۇخارادىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇيدۇ.
بۇ دەۋردە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇ-
لۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن مەزگىل بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، قازاق،
قىرغىز ... قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر ئازادلىققا چىقىپ، كىشى كىشىنى ئېزىدىغان،
زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغان ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ئاللىقاچان يوقالغان ئىدى. ئەبۇبەك-
رى زەلىلى بۇ خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، بۇ خىل
غايەت زور ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن ئالاھىدە خۇشال بولغان بولسا يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز
يۇرتىنىڭ تېخىچە كونا ھالەتتە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكتە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ھەسرەت چېكىدۇ.
بۇخارادا يەتتە يىل ئوقۇپ، 1930 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. يۇرتداشلىرىغا رۇسىيەد-
كى غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە جۇمە نامىزىغا توپلانغان خەلققە رۇسىيە-
دىكى ئىنقىلابنىڭ تەسىرى بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ.
ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ بۇ خىل تەشۋىقاتى شىنجاڭ ھۆكۈمرانى جىن‌شۇرېننىڭ يەرلىك ھاكىمىد-
يەت ئورۇنلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. خەۋپ ئەبۇبەكرى زەلىلىگە يېقىنلاپ كەلگەندە،
يۇرتتىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر ئەبۇبەكرى زەلىلىنى «ئوقۇش» نامى بىلەن ھىندىستانغا يولغا
سالىدۇ. ئەبۇبەكرى زەلىلى 1930 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھىندىستانغا بېرىپ ئوردۇ
تىلىنى تېز ئىگىلەپ، ھىندىستاندىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان دىئوبەن مەدرىسىگە كىرىپ
ئوقۇيدۇ. بۇ جەرياندا ئۆز يۇرتدىشى زەينىل ئابىدىن مەۋلىۋى داموللا ھاجىم بىلەن دىئوبەن
مەدرىسىدە بىر مەزگىل بىللە تۇرىدۇ. 1934 ـ يىلىغىچە بۇ مەدرىسىدە ئوقۇيدۇ. ئەبۇبەكرى
زەلىلى باشقا ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا دىئوبەن مەدرىسىنىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىسلىرىدىن شىببى
رەھمەت ئوسمانى، بەدرۇل ئالىم زەكەرىيا قۇددۇس قاتارلىق بۈيۈك ئالىملارنىڭ ۋايىغا يەتكەن

① ئاستىن ئاتۇشتا ھەر دۈشەنبە كۈنى بازار بولاتتى ھەمدە ئاتۇشلۇقلارنىڭ شۇ كۈنى نارىن ئېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

نوپۇزلۇق تەپسىرلىرىنى ئاڭلاپ، نەزەر - دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. بۇ جەرياندا ئەبۇبەكرى زەلىلى ھىندىستاندا بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەردىكى مەتبەئە نامراتچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەشھۇر شائىر، مەتبۇئاتچى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەتبەئەچىلىك كەسپىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىر بۆلۈك مەتبەئە قوراللىرىنى ۋە مەتبەئەدە ئۇيغۇرچە خەت بېسىش لازىمەتلىكلىرىنى ھازىرلايدۇ. ئەبۇبەكرى زەلىلى ۋاقىت چىقىرىپ ئۆز مەتبەئەسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز يۇرتىدىكى خەلق ئاسان چۈشىنىدىغان تىل بىلەن «شەرھى ۋەقايى»، «ھەپتىيەك» ۋە ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ئەقائىد زەرۇرىيە»، «نەسىھەتى ئاما»، «ئىبادەت ئىلاھىيە»، «جاۋاھىرۇل ئېتىقاد» ... قاتارلىق كىتابلارنى ھەمدە «قۇرئان كەرىم» نى بېسىپ قەشقەردىن چىققان سودىگەرلەر ئارقىلىق يۇرتىغا ئەۋەتىدۇ. ئەبۇبەكرى زەلىلى ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئانىسى ئايلا خېنىم ۋاپات بولىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى زەلىلى ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ، ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ، ئۇزۇن بىر نەزمە يېزىپ ئەۋەتىدۇ. يۇرتتىكى تۇغقانلىرى بۇ نەزمىنى يۇرتداشلىرى ئالدىدا ئوقۇيدۇ. بۇ نەزمىدىن بىر كۇپلېت نەزمە ھازىرغىچە ئۇنتۇلماي ئېيتىلىپ كەلمەكتە:

*ئاللاھ - ئاللاھ دەپ يېتىپ،*
*تۈنلەر بۆشۈكنى تەۋرىتىپ.*
*ھېچ ۋاپا كۆرمەي ئۆلۈپسىز،*
*جەۋرىڭىزگە سەۋرى ئېتىپ.*
*...........*

قالغان نەزمىلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئەبۇبەكرى زەلىلى ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە، شىنجاڭدا ئەكسىيەتچى جىڭشۇرىن ھاكىمىيىتى ۋە قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى خوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلايدۇ. بۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا كېڭىيىدۇ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغان خوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قەشقەرگىچە يېتىپ كەلگەن مەزگىللەردە ھەرقايسى جايلاردىكى جىڭشۇرىن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى خۇشال قىلىدۇ. بۇ خۇش خەۋەر تېزلىكتە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ھىندىستان گېزىت - ژۇرناللىرىدا بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇغان ئەبۇبەكرى زەلىلى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئىنتايىن ھاياجانلىق ھېسسىياتىدا، بۇ ئىنقىلابنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ئاساسىدا چاغاتاي تىلىدا 74 مىسرالىق ۋە ئەرەب تىلىدا 20 مىسرالىق جەمئىي 94 مىسرالىق نەزمە يېزىپ، ئۆز مەتبۇئاتىدا 400 نۇسخا بېسىپ كۆپەيتىپ، يۇرتقا ئەۋەتىدۇ. بۇ دەل 1933 - يىلى بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتى ئىدى، شۇنىڭدىن ھازىرغىچە 70 يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ نەزمىلەرنىڭ ئەسلىي تېكىستى تۈرلۈك سەۋەبلەر ئارقىلىق يوقالغان بولۇپ، يېقىندا بايان قىلىنغىنىدەك رىشاد-

ھان ئاكىدا ساقلىنىپ قالغان، تولۇق بولمىغان نۇسخىسىنى تۆۋەندە مىسال گۈرىنىدا كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

*مۇبارەك ساڭا يۇرتۇم زېمىستانىڭ باھار بولدى،*
*يانا بارانى نۇسرەتتىن جاھانىڭ سەبزىزار بولدى.*
*تەمەڭ بار گەردى ھەر دىلدا چەمەنلەر گۈلشەن گۈلغاي دەپ،*
*بىھەمدۇللاھكى گەبرى شەرقىدىن لالىزار بولدى.*
*قارا يانتاق گىچىدە يەسمەنگۈل تاجدار بولدى.*

*باھار بولسۇن ھەمىشە، كەلمەسۇن بادى خەزان يارەب،*
*تولۇپ بوستان بۇلبۇللارغا، گۈللەر سولمىسۇن يارەب.*
*خۇش ئاۋاز تۇتىلەر توزدەك نەۋادىن قالمىسۇن يارەب.*
*بۇ جارى سەلسەبىل كاشغەر ... سۇن يارەب.*
*قۇمۇل ئاھۇسىدىن گەنبەر خوتەنگە گىنتىشار بولدى.*

*گەمدى نەۋبەت كەلدى بىزگە گەي مەزلۇم قېرىنداشلار،*
*باتۇرلۇقنىڭ پەسلىدۇر بۇ، كۆزۈڭ ئاچ گەي، قەرى ـ ياشلار،*
*نەلەر قىلدى بۇ زالىملەر گويلىغىن قېرىنداشلار،*
*ياغار گېردى زۇلۇملەردىن بېشىمىزغا دائىم تاشلار،*
*كۆزلىرىڭدىن قان ئاقاتتى ئاشۇ كۈنلەر قېرىنداشلار.*

*گەبۇبەكرى زەلىلىدۇر دوستلارنىڭ خادەمى،*
*بۇرھان گوغلى كاشغەر كەتتى ئاتۇش ئادەمى.*
*ئاخلاپ يۇرت ئازادنى كەتتى ئانىڭ مىلك غەمى،*
*مەستانەۋش گەپسانلەر يازدى گولكى كۆپ كەمى،*
*گەنئۇ گەيلەڭلار، گەيىب گەتمەڭلار مەنى گەي قېرىنداشلار.*

ئەبۇبەكرى زەلىلى 1934 ـ يىلى ھىندىستاندىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، لاداق يولى بىلەن 3 ئاتقا مەتبەئە قوراللىرىنى ئارتىپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل ئائىلىسىدە تۇرىدۇ. قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىرقانچە كىشى بىلەن ئاتۇشقا چىقىپ ئەبۇبەكرى زەلىلىنى قەشقەر شەھىرىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، كىتاب باسىدىغان مەتبەئە سايمانلىرىنى قوراشتۇرۇپ بىرلىكتە كىتاب بېسىشقا كىرىشىدۇ. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئەبۇبەكرى زەلىلى قەشقەر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن ھېيتكار جاماسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، مۇدەررىسلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. ئەبۇ-بەكرى زەلىلى 1935 ـ 1936 ـ يىللىرىچە قەشقەردە، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىگە ياردەملىشىپ، مەتبەئەچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت، قوشۇمچە ھېيتكار جامەئەسىدە مۇدەر-

رىسلىك قىلىدۇ. بۇ دەۋردە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ ياندىت شىڭ
شىسەيىنىڭ ئادەم تۇتۇش دولقۇنى باشلانغان بولۇپ، قەشقەردىمۇ نوپۇزلۇق كىشىلەرنى تۇتۇش
باشلىنىدۇ. بۇ خىل سىياسىي دولقۇن ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ قەشقەردە داۋاملىق تۇرۇشىغا
جىددىي خەۋپ ئېلىپ كەلگەچكە، بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئەبۇبەكرى
زەلىلىنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال مەتبەئە سايمانلىرى-
نى ئاتۇشقا يۆتكەپ ئۆزىمۇ ئاتۇشقا كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاتۇش شور ئېرىغلىق ئىشان قارى
ھاجىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، ئەبۇبەكرى زەلىلى دۆربىلجىنگە بېرىپ بىر مەھەل تۇرغاندىن
كېيىن، دۆربىلجىندىكى ئالىملار ئەبۇبەكرى زەلىلىنى دۆربىلجىن شەرئى مەھكىمىسىنىڭ
قازىلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ، ئەبۇبەكرى زەلىلى شەرئى مەھكىمىدە ئىشلەش جەريانىدا دەۋا
ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پارا ئېلىش، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىشتەك ناچار
ئىشلارنى قاتتىق چەكلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلق ئامىسىنىڭ يۇكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر
بولىدۇ. خەلق ئالدىدىكى ئىناۋىتى زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلىدۇ. شېڭشىسەيىنىڭ قارا تېزىملى-
كىگە ئالىنىپ چۈشكەن ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ سىياسىي تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولغاچقا،
يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى «زىياپەت بېرىش ھىيلىسى» بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشنى
پىلانلاپ، بىر كۈنى دۆربىلجىن يەرلىك ھۆكۈمىتى «ھۆكۈمەت زىياپىتى» نامىدا شۇ رايونلار-
دىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر ۋە ئالىملارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىدۇ. زىياپەتكە ئەبۇبەكرى
زەلىلىمۇ چاقىرتىلىدۇ. زىياپەتكە ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئەبۇبەكرى زەلىلىمۇ كېلىدۇ.
زىياپەتتە تاماق تارتىلىپ، ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ ئالدىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان تاماق كەلتۈ-
رۈلىدۇ. بۇ «ئۆلۈم تامىقى»نى يېگەن ئەبۇبەكرى زەلىلى ئۆز ھالىنىڭ خارابلىشىۋاتقانلىقىنى
بىلىپ، دەرھال ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن تەمشەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ يەردىلا يىقىلىدۇ.
ھەمراھلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ ياتقۇزۇلىدۇ. ئەبۇبەكرى زەلىلى
باشقىلارغا «ئەمەت ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ نامىزىغا» دېگەن ئۆلۈم باغىقىنى تېز يازدۇرۇپ
تارقىتىدۇ - دە، ئەتىسى ۋاپات بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ زامانداشلىرى
ئارىسىدا چوڭقۇر ئېچىنىشلىق خاتىرىلەر قالغان. ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ ئاتۇشتىكى ئۆيىدە
قېلىپ قالغان مەتبەئە سايمانلىرى ۋە ئۇ مەتبەئەدە بېسىلغان تۈرلۈك كىتابلار ۋە ئۇ مەرھۇم
يازغان ئەسەرلەر تاكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قەدەر ساقلانغان بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»
نىڭ تۆت كونىنى بۇزۇش سىياسىي بورىنىدا، ئەبۇبەكرى زەلىلىنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلۇپ
ئۆيدىكى قىممەتلىك تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئۇ مەرھۇم زاتنىڭ قولىيازمىلىرى بىلەن
بىللە مەتبەئە سايمانلىرى ئېلىپ چىقىلىپ كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. بۇ ئېچىنىشلىق تراگېدىيە
خەلقىمىز قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ھەسرەتلىك ئىزلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە قالدى. قەشقەر
دىياردا ئۆتكەن بۇ مەرھۇم زاتنىڭ ھايات خاتىرىسى، نەسرىي ۋە نەزمە شەكلىدە يېزىلغان
نامەلۇم ئەسەرلىرىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىۋاتقان جاپاكەش ئالىملىرىمىز-
نىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن، بۇ ئاددىي مەلۇمات خاراكتېرلىك كىچىككىنە ئىزدىنىشىم پايدىلىنىش
قىممىتىگە ئىگە بولۇپ قالسا تولىمۇ خۇرسەن بولغان بولاتتىم.

# سۈنئىي ساتار[1]

(مەشرەپ ھەققىدە قىسسە)

## مىركەرىم ئاسىم (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

* * *

باش باھار ... يامغۇردىن كېيىن ئوت - چۆپلەر، چېچەكلەر بىلەن قاپلانغان قىرلار ئاپتاپتا رەڭمۇرەڭ تۈستە تاۋلىناتتى، سۇ سايلاردا تولۇپ، تولغىنىپ ئاقاتتى. يېنىك شامال چىققاندا، دەريا يۈزىدە قىزلارنىڭ چېچىدەك جۇلا پەيدا بولاتتى. توقايلاردا قۇشلار قىش ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، دالا گۈللىرىگە قونۇپ، يانمۇيان تۇرغان يارلارنى بىر - بىرىگە قوۋۇشتۇراتتى.

موڭغۇللار ئافاق خوجىنىڭ ئەمرى بىلەن قەشقەر تەرەپتىن كۆچۈپ چىققان يەر - ماكانسىز دېھقانلارنى يايلاقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلار موڭغۇل ۋاڭىغا تاران[2]، يەنى تېرىقچىلىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلەر ئىدى. يۈز - كۆزلىرىنى چاڭ باسقان بۇ بىچارىلەر كونا - يېڭى كۆرپە - تۆشەكلىرىنى، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئىككى چاقلىق ھارۋىلارغا بېسىپ، بەزىلىرى بار - يوقىنى ئېشەككە ئارتىپ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماتا خالتىنى يۈدۈپ، ساتارىنى قولتۇقلىۋالغان مەشرەپمۇ بار ئىدى. ئادەملەر دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ گۈلخان ياققاندا، ئۇ ساتارىنى سازلاپ، ئۆز غەزەللىرىنى ئوقۇشقا باشلايتتى، كۆڭلى يېرىم، ھارغىن ئادەملەرنى بەزلەپ، دۇئالىرىنى ئالاتتى. قورساقلىرىنى تويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساقچىلار ئۇلارنى ئورۇنلىرىدىن قوپقۇزۇپ، مېڭىشقا زورلايتتى. ئاقىۋەت، بۇ ئالامان ئىلى دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ساقچىلار باشلىقى ۋاڭنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۇلارنى «يايلاق» لارغا ماڭدۇراتتى.

موڭغۇل ۋاڭى قۇنتەيجىنىڭ قورۇ - جايى ئېگىز بىر تۆپىلىك يانباغرىغا جايلاشقان ئىدى، ئۇنىڭ ئاق ئوتاۋى نويانلارنىڭ رەڭمۇرەڭ ئوتاۋلىرى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، نەيزىۋاز نۆكەرلەر ئۇلارنى قوغداپ تۇراتتى.

يۈزى قىپقىزىل، چېچىغا ئاق ئارىلىغان يۇمۇق كۆز ۋاڭ ئوتاۋىنىڭ تۆرىگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۆچمەنلەرنى ھەيدەپ كەلگەن ساقچىلار باشلىقىنىڭ مەلۇماتىنى تىڭشىدى - دە:

— ياخشى، — دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى، — كۆچمەنلەرنىڭ بىر - ئىككى ئايلىق يېمەك - ئىچمىكى بارمۇ؟

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

② ئىلى رايونىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى «تارانچى» دېيىش شۇنىڭدىن قالغان.

— بەزىلەر كالا، ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ كېلىشكەن. قالغانلىرى بار، بەزىلىرىدە ھېچنېمە يوق.

— ھېچنېمە يوق؟ ئاچلىقتىن ئۆلمەس، تاغلاردا ياۋا مېۋە - چېۋىلەر، ياۋايى ھايۋانلار كۆپ، شۇلارنى يەپ ماڭا تېرىقچىلىق قىلىپ بەرسىلا بولدى، باشقىسى بىلەن كارىم يوق.

— ئاچلىقتىن ئۆلمەيدۇ، مۇسۇلمانلار بېلىقتىن ھەزەر قىلمايدىغۇ، دەريا ۋە سايلاردا بېلىق كۆپ.

قۇنتەيجى يىرگىنىپ، يېنىغا تۈكۈرۈپ قويىدى - دە:

— ماڭا دېسە ئىلى دەرياسىدىكى ھەممە بېلىقلارنى تۇتۇپ يېسۇن! — دېدى، — خوش، يەنە نېمە گەپ بار؟

— كۆچمەنلەر ئارىسىدا مەشرەپ ئاتلىق نەمەنگەنلىك بىر يىگىتمۇ بار. ساتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئادەملەرنى يول بويى بەزلەپ كەلدى. مەن ئۇنى ئايرىپ ئېلىپ قالدىم. كۆچمەنلەرنى ئىشتىن قويىدۇ، دەپ قورقىمەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ئاچارچىلىق بولۇپ قالسا، پىتنە قوزغىشى مۇمكىن. ئاۋامنىڭ ئۇنىڭغا ئىخلاسى زور ئىكەن.

— ئۇنى ئېلىپ قېلىپ ياخشى قىلىپسەن. مەشرەپ دېگەن يىگىتنى كۆكشېر يايلىقىغا تۆگە بېقىشقا ئەۋەت. ئۇ يەردىكى تۆگە بېقىۋاتقان بوۋاي، ماڭا بىر ياردەمچى ئەۋەتىڭ دېگەنىدى.

— بېشىم بىلەن، بۈگۈنلا بىر ساقچى بىلەن يولغا سالىمەن.

* * *

كۆكشېر يايلىقىدا چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر قىرغىز چال مەشرەپنى ئۆز ئۇغلىدەك كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۈستىگە يىرتىق قارا نامەت يېپىلغان ئوتاۋىدا بوغۇرساق ۋە تۆگە سۈتى بىلەن مېھمان قىلدى. تويۇپ تاماق يەپ، كەيپى جايىغا چۈشكەن مەشرەپ قورسىقىنى سىلاپ چالنىڭ قورۇق باسقان يۈزىگە قارىدى:

— بوۋا، مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟

چال كىچىك كۆزلىرى بىلەن كىنايە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قويىدى.

— بۇ جېردە جۇمۇش كۆپ. كۈندۈزى تۈيە باغاسىن، تۈندە قورىقتايسىن. بۇ تالارىغا جابىق جەباراسەن تۈندە، بولماسا تېشى تىيبەي قالات.

بابارەھىم چال بەرگەن ئەندىزىگە قاراپ نامەتتىن يېپىق پىچىپ، كېچىسى ئۇنى تىكەتتى، كۈندۈزى دالىدا تۆگە باقاتتى.

بوينى ئۇزۇن، پۇتلىرى، ئۆركەشلىرى كۆرۈمسىز تۆگىلەر ياۋاش، سۈتى ئادەمگە پايدىلىق ئىدى. جانىۋارلار بارا - بارا مەشرەپنىڭ سۆزلىرىنى، ئەركىلىتىشلىرىنى، سەتلەشلىرىنىمۇ چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى ... ئۇلار مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن قاراپ، گويا مەشرەپنىڭ قەلبىدىكى دەردلىرىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى.

پەقەت بوغرىلار، يەنى ئەركەك تۆگىلەرلا باھارنىڭ بېشىدا خەۋپلىك ئىدى. ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك ئېقىتىپ، قانلىق كۆزلىرى بىلەن چەكچىيىپ قارايتتى. ئادەمنى پۇتى ئاستىغا ئېلىپ، يەنچىپ تاشلاشقا تەييار تۇرغان بوغرىلاردىن ياش تۆگىچى ئېھتىيات قىلاتتى. باشقا پەسىللەردە ئۇلار ياۋاش بولۇپ قېلىشاتتى.

تۆگىلەر چال ئېيتقاندەك كۈندۈزى ئوتلاپ، كېچىسى چوك چۆشۈپ، كۆشەپ يېتىشاتتى. شائىر بۇ ھەردىنبىر سىرداشلىرىنى كېچىسى بىر كەمگىچە كۆزىتەتتى، كېيىن ئىتنى قاراڭ چۇق قىلىپ قويۇپ، ئازراق ئۇخلىۋالاتتى.
مەشرەپ يېڭى كەلگەن يىلى تۇغۇلغان بوتىلاقلار چوڭىيىپ، ئانا بولۇشقا تەييارلىنىشقا باشلىدى.
ھەزىدە شائىرنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتەتتى، ئۆتكۈر كۆزى بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى گەپكە سالاتتى، دۇنيانىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئىنتىلەتتى. باشقا ۋاقىتلاردا ھەردىنبىر مۇڭدىشى ساتار، سۆھبەتداشلىرى كونا كىتابلار ئىدى.
نىھايەت، ئۇ كۆلپەتكە پېتىپ يۈرىۋەرسە، مۇشەققەت يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋېرىدىغانلىقىنى چۈشەندى. قاچانغىچە ئادەملەردىن يىراقتا، خۇددى تۆگىلەردەك چۆلدە يۈرۈۋېرىدۇ؟
بىر كۈنى تۆگىلەرنى كۆرگىلى كەلگەن تۆگىچى ئارقىلىق ۋاڭغا ئەرزنامە ئەۋەتىپ، ئۆزىنى بۇ غۇربەتتىن ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قونتەيجى ئۈچ يىل ئىشلەپ، بىرتىيىن تەلەپ قىلماستىن، يېمەك - ئىچمەك سورىماستىن ئىشلەپ بەرگەن مەشرەپنىڭ ئەرزىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم ئەۋەتتى.

* * *

دەريادا چۆمۈلۈپ، چېچىنى قولى بىلەن يۇيۇپ، ياغاچ تارغاق بىلەن تارىۋالغان مەشرەپ، كۆك پالاستىن تىكىلگەن ئاجايىپ چاپىنىنى كىيىپ، ۋاڭنىڭ تۇرار جايىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنى قەپەستىن ئازاد بولغان قۇشتەك يېنىك ھېس قىلاتتى.
ۋاڭنىڭ تۇرار جايىغا يېقىنلاشقاندا، ئالدىدىن بىر توپ ئاتلىق قىزلار كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى. چۆلدە يۈرۈپ، تۆگە سۈتى ئىچىپ ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن دوستلىرى ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتقان قىزىل كۆڭلەكلىك، لەۋلىرى ياقۇت، ئىككى يۈزى ئاناردەك بىر قىزنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ قالدى. ئالماس، ئۈنچە - مارجانلىرى پارقىراپ تۇرغان بۇ گۈزەل يۈزلەر ئالدىدا بۇ ساھىبجامال ئاسماندىن چۈشكەن تولۇن ئايغا ئوخشايتتى. مەشرەپ رەڭمۇرەڭ كىيىنگەن، بويىنىدىكى زىبۇ زىننەتلىرى نۇر چېچىپ تۇرغان بۇ قىزلارنىڭ يولىنى توسىدى. ساتارىنى قولىغا ئېلىپ، ئوتتۇرىدىكى ئاق ئارغىماق ئۈستىدىكى قىزىل كۆڭلەكلىك ۋاڭ قىزىغا قاراپ، نەيدەك مۇلايىم ئاۋاز بىلەن كۈيلەشكە باشلىدى:

*كاكۇلۇڭ ئەنبەر دۇرۇر، جان ئىچىدە جانان قىز،*
*كۆزلىرىڭ ئەختەردۇر، يۈزى ماھتابان قىز!*
*لەۋلىرىڭ ئېرۇر لالە، يۈزلىرىڭ قىزىل گۈلدەك،*
*ھەمىمە ساڭاكىم قۇلدەك، خىزمىتىڭگە قۇربان قىز!*

قىز، قامىتى ماھىر سەنئەتچىنىڭ قولىدىن چىققان ھەيكەلدەك كېلىشكەن، قاراقاش يىگىتنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، كۈلۈپ قويدى. ئانىسى قىرغىز بولغىنى ئۈچۈن،

ئۇ ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىنى بىلەتتى. ئۇ غەزەلنىڭ كۆپ سۆزلىرىنى چۈشەنمىسىمۇ، بۇ شېئىر ئۆزىگە بېغىشلانغان مەدھىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

— ھوي يىگىت، جولىڭ بولسۇن، قاي جېردىنسەن؟ ئاتىڭ نې؟

— ئېتىم بابارەھىم مەشرەپ، كۆكشېر يايلىقىدىن كېلىۋاتىمەن. ئۈچ يىل ئاتاڭنىڭ تۆگىلىرىنى بېقىپ ھەق ئالمىغانىدىم. سېنىڭ كۈلۈپ بېقىشىڭ، بىر ئېغىز تاتلىق سۆزۈڭ ئۈچ يىللىق ئەمگىكىمنىڭ ھەققى بولدى.

ۋاڭنىڭ قىزى ئۇنىڭ سۆزىدىن زوقلىنىپ كۈلدى:

— ئۆزىڭدى كۆريۈسېم – دە، مېن بىلەن ئۇقتىم، سېنى كورۇۋگە قومار ئىدىم. ئۆز ئاياغىڭمېن كېلىپ، مانا ئارناپ ئىر ئايتقانىڭ مېنىڭ ئۈچۈن ئۆلكېن بېلېك بولدى. بىزگە قوناق بولغىن، سېنى كۈتۈپ، ئىززەتلەپ، قوي سويدۇرەيىن.

— مەمنۇنىيەت بىلەن تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلغايمەن! — دەپ مەشرەپ چەتكە چىقىپ، تەزىم قىلىپ تۇردى.

قىز كۈلۈمسىرىگىنىچە ئارغىماقىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ، دەريا ياققا قاراپ ماڭدى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتمەي، بابارەھىم تاغ باغرىغا جايلاشقان ۋاڭنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ كەلدى. ئېگىز دۆڭلۈك تۆپىسىگە قۇرۇلغان، تۆت ئەتراپىنى رەڭمۇرەڭ چېدىرلار، ئوتاۋلار ئوراپ ئالغان، يېنىغا توغ قادالغان ئاق ئوتاۋ كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى. مەشرەپ دۆڭلۈككە يېقىنلىشىشى بىلەن بىرنەچچە ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھال – ئەھۋال سورىدى. ئۇلار ۋاڭ ھۇزۇرىدا قېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان قەشقەردىن چىققان كۆچمەنلەردىن ئىدى. مەشرەپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، تونۇش – بىلىشلەرنىڭ ھال – ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، كۆچۈپ چىققانلارنىڭ بەزىلىرى قازا بولغان، كۆپى ئەتراپتىكى يەرلەردە دېھقانچىلىق قىلىۋاتقانىكەن.

— يۈر بىز بىلەن، سېنى بىر ئوتاۋغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايلى، — دېدى ئۇلار.

كەچتە مەشرەپ گۈلخان يېنىدا بىر پارچە قوي يېغى بىلەن تىرىس – تىرىس يېرىلىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ياغلاپ ئولتۇرغاندا، بىر نۆكەر كېلىپ، ۋاڭ ئۆز ھۇزۇرىغا چىللىغانلىقى-نى ئېيتتى.

— ھازىر بارىمەن، كۈتۈپ تۇر، — دېدى مەشرەپ قولىدىكى ياغنى ئوتقا قاقلاپ تۇرۇپ، — سول پۇتۇمنىمۇ ياغلاپ، چاپىنىمنى كىيىپ، ۋاڭ ئالدىغا بارغايمەن.

ئۇنى ئىككى گۈلخان ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىشىكىدە ئىككى نەيزە تۇتقان كۈنغول تۇرغان ئاق ئوتاۋغا باشلاپ كىردى. مەشرەپ تۆردىكى تۆت چاسا كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ۋاڭغا ئەمەس، يېنىدىكى قىزىغا تەزىم قىلدى.

چاچلىرىغا ئاق كىرىسىمۇ، لىكەندەك يۈزى قىپقىزىل قۇنتەيجى قاقاقلاپ كۈلىۋەتتى.

— بۇ يالاڭ ئاياغ، كىمگە تازىم قىلىشنى بىلىدۇ، راست، يېڭى ئېچىلغان گۈل تۇرغاندا، تىكەن ئالدىدا باش ئېگىپ نېمە قىلىدۇ! — دېدى ئۇ ئۆز تىلىدا، كېيىن يېنىدىكى تىلماچقا كۆز تاشلاپ قويۇپ، مەشرەپكە يۈزلەندى: — مەيلى، گۇناھىڭنى كەچۈردۈم. ئۆزۈڭ ھالال يىگىت ئىكەنسەن. بىزگە قىلغان خالىس خىزمىتىڭ ھېسابىغا ساڭا شاھانە ئىنئاملار بېرىش نىيىتىدىمىز. نېمە كېرەك بولسا ئېيت، مەن ھېچنەرسەمنى ئايىمايمەن.

تىلماچ ۋاڭنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، مەشرەپكە يۈزلەندى.

— ۋاڭغا ئېيت، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، — دېدى مەشرەپ قەددىنى رۇسلاپ، —

www.uyghurkitap.com



تىلىكىم شۇكى، ۋاڭ جانابلىرى مەن بىلەن بىللە قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن بىچارە كۆچمەنلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلسا ئىكەن، ئۇلارنى ئاچ قويمىسا ئىكەن، مۇساپىرلارغا زۇلۇم قىلمىسا ئىكەن ...

— ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! ئۆزۈڭگە نېمە كېرەك؟ — دېدى ۋاڭ خامۇش ھالەتتە.

— بايا ئېيتتىمغۇ، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس ...

— ئادەملەر ئېيتقاندەك، ئەۋلىيا ئىكەنسەن. ئۆزۈڭنى ئەمەس، باشقىلارنى ئويلايدىكەنسەن، ھاياتىمدا سەندەك دەرۋىشنى كۆرمىگەنتىم. ئۈچ يىل ئىشلەپ بېرىپ، بىر ياماق سورىمايدۇ‌يا!

— ئۈچ يىللىق ئىش ھەققىنى بايا مېنىڭ بىر ئېغىز تاتلىق سۆزۈمگە بېرىۋەتكەن، — دېدى قىز موڭغۇلچىلاپ.

قۇنتەيجى يەنە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— بايا ئېيتقان ئىدىڭ، ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنداق بولسا ئارىمىز ئوچۇق، — دېدى مەشرەپكە كۈلۈپ تۇرۇپ. سەن مېنىڭ مېھمىنىمسەن، داستىخىنىمىز سەن ئۈچۈن ئوچۇق، خىزمىتىڭگە تەييارمىز، خالىغان يېرىڭگە بار، غەزەل ئېيتىپ يۈرۈۋەر.

مەشرەپ سىرتقا چىققاندا ۋاڭ ئالدىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۆچمەنلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىپ، ۋاڭنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى قۇتلاشقا باشلىدى.

شائىر ئەتراپتىكى يايلاقلار، قىشلاقلارنى ئايلىنىپ، مەنزىرىلىك يەرلەرنى تاماشا قىلدى. نەگە بارسا، خەلق ئۇنى تاۋاپ قىلىپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى سۆيەتتى، قولىنى يۈزلىرىگە سۈركەيتتى. مەشرەپ بولسا ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى ياندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، سەدىقە پۇللىرىنى كۆپچىلىك ئۈستىدىن چېچىۋېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىقلىرى ئىخلاس يىپىنى ئۈزۈش ئورنىغا يەنىمۇ مۇستەھكەملەيتتى.

* * *

تۇم قارا چاچلىرىڭ كېچىگە ئوخشىسا، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىڭ يۇلتۇزلارغا، ئاپئاق يۈزۈڭ ئايغا ئوخشايدۇ، — دېدى مەشرەپ ۋاڭنىڭ قىزىنى ئەركىلىتىپ، — ئەگەر ئۆيلىنىشكە قادىر بولسام، سەندىن ياخشىراق لايىق تاپالماس ئىدىم، ئەمما مەن ساڭا ئەر بولالمايمەن، سەن ماڭا خوتۇن. شۇنداق قىلاي دېسەم، ئۆي - ماكانىم، يېنىمدا ئاتام، قولۇمدا ھۈنىرىم يوق. ئۆزۈم ئاۋارەئى جاھان تۇرسام ...

تارانچىلار ۋە ئاۋام موڭغۇللارنىڭ مەشرەپكە ئىخلاسى زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قۇنتەيجى قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى ئەھدە قىلغان، شۇ ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىگە قاتتىقراق باغلىۋالماقچى بولغانىدى. ئۇنىڭ مەسلىھىتى بىلەن يەڭگىلەر مەشرەپ بىلەن قىزنى بىر ئوتاۋغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقانىدى.

قىز مەشرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاستا كۈلدى.

— ئوي، نې دېگەن سادە جىگىت ئىكەنسىن، — دېدى مەشرەپنىڭ بېشىغا ئاستا نوقۇپ قويۇپ، — ئاتامدەك ۋاڭغا كۈيئوغۇل بولساڭ قۇرۇق قوياتتىمۇ سېنى؟ بايلىقنىڭ جۇزدىن بىراۋىنى بېرىسى جېتىبىر ئىدى بىزگى، ئۆمرىمىزگە جېتىبىر ئىدى بايلىق. موڭغۇل ئاۋۇلىدا

تۇرغىنىڭ كېلىمىسى قىرغىزلار ئارىسىغا بارىمىز. يىراق بىر يايلاقتا قارا ئۆي تىكىپ ئولتۇرىمىز
شۇ يەردە.
مەشرەپ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى ئېگىپ يەرگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. گەپنىڭ
پوسكاللىسىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرماقچى بولدىيۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئىززەت -
نەپسى يول قويمىدى. يېنىدىكى جانانىغا «مېنى ئافاق خوجا ئەرلىك قوۋۋىتىدىن مەھرۇم،
ئۆيلىنىش بەختىدىن بىبەھرى قىلىپ قويغان» دەپ ئېيتالامتى! ...
— مەن ئىنسانىي مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، ئىشقىي ھەققى ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن،
پېشانەمگە يېزىلغىنى شۇ! — دېدى ئۇ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى ھۆرلىقاغا تىكىپ، لېكىن
قىز ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر يەردە تۇرالمايدىغانلىقىنى،
سەرگەردان ھايات كەچۈرۈشكە ئۈگىنىپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيلىنەلمەيدىغانلىقىنى
چۈشەندۈردى.

* * *

— ھە، نېمە بولدى؟ يىغلاپ چىقىۋاتىسەنغۇ، خاپا قىلدىمۇ؟ — دەپ سوراشتى
موڭغۇل ئاياللار، كۆزى ياش ھالدا ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىققان قىزدىن.
— خاپا قىلدى. ماڭا چېقىلغىنىمۇ يوق. ئۆيلەنمەسمىش، ئۆز يۇرتىغا كەتمەكچىمىش!
— ئاشۇ يالاڭ ئاياغقا ئاشىق بولۇپ يۈرۈيسەن - ھە! ... — دېدى يەڭگىلىرىدىن بىرى
زەردە قىلىپ.
قۇنتەيجى بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى: «مەندەك ۋاڭغا كۈيئوغۇل بولۇشنى خالـ
مىسا، دەرھال يۇرتىمىن چىقىپ كەتسۇن!» دېدى.
مەشرەپ بۇ يەردىن چاپسانراق چىقىپ كېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ، يول ھازىرلىقىـ
غا چۈشتى. ئەتىسى ئەتىگەن ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىشتى:
— بىزنى تاشلاپ نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دېدى بىر بوۋاي، — مېنىڭ كۆز ئالدىمدا
سەن بىر پادىشاھقا ئوخشايتتىڭ ... بىللە بولساق غېرىبلىق بىلىنمەيتتى بىزگە.
مەشرەپ تىلىم - تىلىم يېرىلىپ كەتكەن پۇتىغا قاراپ:
— راست، مەن پادىشاھى ۋاقىت ئىدىم. پەلەك گۈلىستانىمنى خازان قىلىپ، تەلىيىم
يۇلتۇزىنى بىزىيا، بەختىمنى قارا، ئۆزۈمنى گەدا قىلدى. خەير بۇرادەرلەر، چۆللەردە
ئازادلىق شامىلى گۈركىرەپ مېنى ئۆز باغرىغا چىللىماقتا ...
— خەير، شىرى مەرد! سېنى بىز تۇتۇۋالالمىدۇق. سەن ئاللاھنىڭ ئەركە بەندىسىـ
سەن، بىر يەردە مۇقىم تۇرالمايسەن. ئاسمان گۈمبىزى سېنىڭ باشپاناھىڭ، خەير! —
دېدى ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن بىر بوۋاي.
ئاۋام خەلق يىغلاپ خوشلىشىشقا باشلىدى. مەشرەپ ئېشىكىگە مىنمەكچى بولۇپ تۇرغاندا
ئوتتۇرا ياشلىق بىر خوتۇن قولىدىكى قايچا بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشكەن چېچىدىن بىر
تۇتام كېسىۋالدى.
— چېچىڭىزنى تۇمار قىلىپ ئېسىپ يۈرىمەن، بالا - قازادىن ساقلار مېنى، — دېدى.
يېنىدا تۇرغان خوتۇنلار ئۇنىڭغا تاشلىنىپ، چاچ تالالىرىنى تارتىۋېلىشقا باشلىدى.
مەشرەپ ئېشىكىگە مىنىپ يولغا راۋان بولدى. بىردەمدىن كېيىن ياز كېچىلىرى

www.uyghurkitap.com

يىراقتىن ئاڭلانغان نەي ساداسىدەك مەيىن ۋە مەيۇس قوشاق ھاۋادا ياڭرىدى:

*مىنىڭدەك گىنتىنزارۇ يولدا ھەيران بولمىسۇن ھېچكىمر،*
*كۆكەرگەندە قورۇپ، يەر بىلەن يەكسان بولمىسۇن ھېچكىمر.*

## «كەت، دېسەڭ قەشقەرگە كېتەي»

مەشرەپ ئاۋام خەلق بىلەن خوشلىشىپ قۇنتەيجىنىڭ تۇرار جايىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن، قولىقىنى دىلڭ قىلىپ يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېشىكىنىڭ بېشىنى قەشقەر تەرەپكە بۇرىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، يارى جانانى بىلەن ئۇچراشقان يەرلەرنى تاۋاپ قىلىپ، ئامالىنى قىلالىسا، ئۇنىڭ گۈلدەك يۈزىنى بىر كۆرۈپ، ئاندىن نەمەنگەن شەھىرى تامان يول ئېلىش ئىدى.

ھاۋا ئوچۇق، ئاستا قانات قېقىپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان شامال سۆگەت، جىگدە نوتىلىرىنى سىلىكىپ، ياپراقلىرىنى ئوينىتاتتى، مەشرەپنىڭ مۇرىسىگە چۈشكەن قېلىن قارا چاچلىرىنى يەلپۈيتتى. ئۇ ئىككى يۈزى ئانارەدەك، قارا قاش يارى بىلەن ئۆتكۈزگەن تاتلىق پەيتلەرنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلەپ مەيۇس كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، ئات - ھارۋىلار مېڭىۋېرىپ تەپتەكشى قىلىۋەتكەن يول ئۈستىدە يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېشىكىنى يەنىمۇ چاپسانراق مېڭىشقا ئۈندەيتتى.

ئۈچ - تۆت سائەت يول مېڭىپ ھارغاندىن كېيىن، دەم ئېلىش ئۈچۈن ئەتراپتىن مۇۋاپىقراق ئورۇن ئىزدىدى. تاغ يانباغرىدا ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ قوي - ئۆچكىلەر، نېرىراقتا تاياق تۇتۇپ تۇرغان قازاق بالىغا كۆزى چۈشۈپ، ئېشىكىنىڭ بېشىنى ئۇياققا بۇرىدى، چوپان بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەرگە سەكرەپ چۈشتى - دە، ئالدىرىغىنىدىن سالام بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بالا بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ، نەدىن ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرلەر كىمنىڭكى ئىكەنلىكىنى سوراپ سۈرۈشتە قىلدى. شۇ چاغدا نېرىراقتا تومشۇقىنى پۈتلىرى تۆپىسىگە قويۇپ مۈلدۈرلەپ ياتقان قارا ئىت مەشرەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىشقا باشلىدى.

— قالتىس ئىتىڭ بار ئىكەن - دە! — دېدى مەشرەپ ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ، — لېكىن بۇ بۆرىباسار ئەمەسكەن. ئۇنى ماڭا بەرسەڭچۇ؟ ھەمراھىم يوق، يولدا يالغۇزلۇق يامان.

— بولىدۇ، ئالساڭ ئالىۋەر، بۆرىباسار ئىتلىرىمىز بار، — دېدى باياتىن ئېغىز ئاچماي تۇرغان بالا تىلغا كىرىپ. ئېتى ناتونۇش يولۇچى قېشىدىن نېرى كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ ھەيران قالغانتى.

بابارەھىم ھەمراھ تاپقانلىقىدىن تېرىسىگە سىغماي كېتىپ، قولىغا ساتارىنى ئالدى - دە، قايناق ئىلھام بىلەن، ئىتقا قاراپ خۇش ئاۋازدا كۈيلەشكە باشلىدى:

*گەي رەپىقى بىزەبان، ھەريەردە بولساق گىككىمىز،*
*نەسەھەرۇ تۈزرە بولسادە، نە شەھەردە گىككىمىز،*
*..........*

*مەشرەبا، يۈز شۈكرى قىلغىن كەمدى تاپتىڭ بىر رەپىق،*
*قايدا بولساق، قايدا يۈرسەك، يارى سادىق ئىككىمىز.*

ئىت ئەتراپىدا سەكرەپ ئويناپ، ئۇنىڭغا يېپىشاتتى، ئۇيۇنغا چۈشەتتى. قازاق بالا بولسا، بۇنى كۆرۈپ پىخىلداپ كۈلەتتى. مەشرەپ باشتا: «ئۇ ساتار چېلىپ نەغمە قىلىۋاتقىنىم ئۇچۇن ئويناۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، كېيىن بۇ پىكرىدىن ياندى. ئىت سول تەرەپتىن كېلىپ پۇرايتتى. «سول تەرەپتىكى يانچۇقۇمدا بىر ئىش بارمۇ؟» دەپ ئۇنى ئاختۇرغانىدى، قولىياغلىقتا ئوراغلىق بىر نەرسىنى تاپتى. ئېچىپ قارىسا، پىشۇرۇلغان جىگەر ئىكەن. دېھقانلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىۋاتقاندا، كىمدۇر بىرىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويغانلىقى يادىغا كەلدى. خۇش بولۇپ جىگەرنى ئالدى ـ دە، ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىپ، قالغىنىنى يەنە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئىت هاپىلا ـ شاپىلا جىگەرنى يەپ بولۇپ، مەشرەپنىڭ قوللىرىنى يالىدى. مەشرەپ يانچۇقىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— مەن بىلەن كەتسەڭ، يېرىمىنى كەچتە يەيسەن، — دېدى، كېيىن پوتىسىدىن ئارپا نېنىنى ئېلىپ، يەرگە ئولتۇردى ـ دە، قازاق بالا سۇنغان بىر تاۋاق ئايراننى ئىچىپ، تاماقلاندى. قورسىقىنى تويدۇرۇپ، بىردەم هاردۇق ئالغاندىن كېيىن ئېشىكىگە مىنىپ، چوپان بالا بىلەن خوشلاشتى ـ دە، يەنە يولغا چۈشتى. ئىت بولسا «كەتتىم» دېگەندەك قىلىپ ئىگىسىگە قاراپ قويدى، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، يېڭى ئىگىسى كەينىدىن ئەگەشتى. بىر ئازدىن كېيىن مەشرەپ قەشقەر تەرەپكە كېتىۋاتقان ئاتلىق سودىگەرلەرگە قوشۇلدى.

* * *

— ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى بېلىگە قىلىچ ئاسقان دەرۋازا قاراۋۇلى مەشرەپنى تونۇپ، — خۇش كېلىپسىز، قەدەملەر قۇتلۇق بولسۇن، سىزنى كۆرۈپ خوشال بولدۇم، مانا قاراڭ، ساق ـ سالامەت بار ئىكەنسىز.

— هە، بارمەن، — دېدى مەشرەپ چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان قاراۋۇلنىڭ قورۇق باسقان يۈزىگە قاراپ، — بالا ـ چاقىلىرىڭىز ساق ـ سالامەتمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، چوڭ بولۇپ قېلىشتى.

— موللا قاسىمچۇ؟

— هە، موللا قاسىممۇ، ئۇنىڭ خوجىلىرىمۇ ساق ـ سالامەت. قېنى، هويلىغا كىرىڭ، ئېشىكىڭىزنى ئاۋۇ سۆگەتكە باغلاڭ. باللار ئۇنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويىدۇ، ئىتىڭىز بىلەن ئىچكىرى كىرىڭ.

ئۇلار دەرۋازىدا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەشرەپ:

— ئۇكا، سىزدىن بىر نەرسىنى سورىماقچى ئىدىم، — دەپ سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي، ئىككىلىنىپ تۇرغانىدى، دەرۋازا قاراۋۇلى:

— نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى بىر ئاز سوزۇپراق، — گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپلا قوياي. سىز بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن، روزىخاننى يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بىر باي بوۋايغا نىكاھلاپ قويدى.

مەشرەپ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالدى.

www.uyghurkitap.com



— قېنى، بىر چىلىم تەييارلا! — دېدى. قاراۋۇلمۇ ئۈنچىقماي ئورنىدىن قوپۇپ، تامغا يۆلەكلىك چىلىمنىڭ سەرخانىسىنى قاقتى - دە، ئۇنى يېڭىلىدى. چاقماق تاشنى چېقىپ، تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، مەشرەپكە سۇندى ...

قورۇ ئوتتۇرىسىدىكى تۆپىسى يېپىق ئورا يېنىدا تاھارەت ئېلىۋاتقان موللا قاسىم ئىچكىرىگە دادىل قەدەم تاشلاپ كىرگەن مەشرەپنى كۆرگەچ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە، سەنمۇ، تېخىچە تىرىك يۈرەمسەن، ئۇكا؟ — دېدى ئۇ سالامنى ئىلىك ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ.

— كۆرۈپ تۇرىۋاتىسىزغۇ، ساق - سالامەتمەن، خوجىنى تاۋاپ قىلغىلى، سىزنى كۆرگىلى كەلدىم، قالغىنىنى كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن.

— بەك ياخشى، — دېدى موللا قاسىم مۈكچىيىپراق قالغان قامىتىنى توغرىلاپ، ھۆل پەنجىسى بىلەن پۇتىغا «مەسىھ» تارتىپ تۇرۇپ، — دەرھال تاھارەت ئال، ھەزرەتكە ئىقتىدا قىلىپ ناماز پېشىننى ئوقۇيلى.

— تەرتىم بار، قىزىلنىڭ سۈيىدە غۇسل قىلىپ، پاك بولغانمەن.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، مەن بىلەن مەسجىدى جامەگە ماڭ.

نامازخانلار ئىلگىرى - كېيىن يېتىپ قوپۇپ ناماز پېشىننىڭ تۆت رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇۋاتقانىدى. ئۇلار ئىككىسى ئەڭ ئاخىرقى سەپتە تۇرۇپ قولاق قاقتى، قول قوۋۇشتۇرۇشتى. ھەممىيلەن سۈننەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سەپلىرىنى توغرىلاپ، ئافاق خوجىغا ئىقتىدا قىلىپ، تۆت رەكەت پەرزنى ئادا قىلدى.

ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتۈپ، ئافاق خوجا سالام خانىسىدا ئۆز يېقىنلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، توساتتىن:

— بابا، بابارەھىم كەپتۇ، دېگەن سۆز قۇلىقىمغا كىرگەنىدى، ئۇ نەدە يۈرىدۇ، نېمىشقا سالامغا كەلمەيدۇ! — دەپ سورىدى.

— ئۇ ھېلىمۇ جامەدە، سىلىگە ئىقتىدا قىلغان پېتى قول قوۋۇشتۇرۇپ تىك تۇرىدۇ، — دېدى موللا قاسىم ئولتۇرغان جايىدا مىيىقىدا كۈلۈپ، — بىر ھۈنەر كۆرسەتمىسە بولاتتى، دەپ سەپسېلىپ تۇردۇم، ئۇ بىر قېتىممۇ سەجدىگە باش قويمىدى، پىچىرلاپ پارس تىلىدا غەزەل ئوقۇدى.

— ئەجەب! — دەۋەتتى ئافاق خوجا ياقىسىنى تۇتۇپ، — بېرىپ خەۋەر ئېلىڭچۇ، نېمە ئوقۇۋاتىدىكىن؟

موللا قاسىم ئورنىدىن قوپتى - دە، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئون - ئون بەش دەقىقە ئۆتكەچ، تازىم قىلىپ كىرىپ، ھاجى دوپپىسىغا سىمابىي سەللە ئورىغان پىرىغا بېشىنى سىڭايان قىلىپ قارىدى:

— بىر خىلدا قول قوۋۇشتۇرۇپ، تىك تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خوجا ھافىزنىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇماقتا.

ئافاق خوجا، «ئەنە، كۆردىڭىزمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ ئەتراپىدىكى مۇرىتلىرىغا قاراپ قويدى - دە:

— ئۇنىڭدىن مەنسۇر ھەللاجىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، — دېدى ۋە — كېلىڭ، قولىڭىزنى پاتىھەگە ئېچىڭ، ئۇ يالاڭ ئاياغ دېۋانە مۇرىتىم ھەققىگە بىر دۇئا قىلايلى.

مۇرىتلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، پىرى مۇرشىدىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى.

— ئىلاھا، مەشرەپنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، تاغ ۋە تاشلار، چۆل - باياۋانلاردا سەيلە قىلىپ، ئەزۋاجىلارنىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلسۇن. ئىمانى مۇستەھكەم بولسۇن، ئاقىۋەت مەنسۇر ھەللاجىنىڭ مەقامىغا يەتسۇن!

بۇ دۇئا ئەمەس، قارغىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن مۇرىتلار:

— ئامىن! — دەپ يۈزلىرىنى سىلاشتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى - ئۈچ كىشىلا مەنسۇر «ئەنەلھەق» (مەن خۇدا) دېگىنى ئۈچۈن خەلىپە ئۇنى دارغا ئاستۇرغانلىقىنى بىلەتتى. بىردەمدىن كېيىن چۆل شامىلىدىن يۈزى سەل قارىدىغان مەشرەپ يالاڭئاش ھالدا سالامخانىغا كىرىپ ساھىبى ئازار①غا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام، خۇش كېلىپسەن، سەفا قىلىپسەن، ھە، كەلگىنىڭ ئۈچۈن بىسيار خۇرسەنمەن! — دېدى ئافاق خوجا، بابارەھىمنىڭ توساتتىن كېلىپ قالغانلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، — قېنى، ئولتۇر، سۆزلەپ بەر، نەلەردە بولدۇڭ، كىملەر بىلەن ئۇچراشتىڭ؟

ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولسىمۇ، بىلىپ تۇرۇپ بۇ سوئالنى بەرگەن ساھىبى ئازارغا ئۇ قىسقىچە قىلىپ، قۇنتەيجى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۈچ يىل ئۇنىڭ تۆگىسىنى باققانلىقىنى ۋە باشقىلارنى سۆزلەپ بەردى.

— ئاچچىق - چۈچۈكنى تېتىپ، تالاي كۆلپەتلەرنى بېشىڭدىن كەچۈرۈپسەن، ئەمدى ئارامگاھىڭنى تاپ، دەرگاھىمىزدا دەم ئېلىپ، ماغدۇرغا كەل، موللا قاسىم ساڭا بىر ياخشى ھۇجرىنى ئاجرىتىپ، يېمەك - ئىچمەكلىرىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغاي، سالامەت بول!

مەشرەپ ئورنىدىن قوپۇپ، تازىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ھويلىدا كونا دوستلىرى: يالاڭ ئاياغ ئوتۇنچىلار، قاراۋۇللار، ھامماللار، ئاشپەز ۋە مالايلار ئەتراپىغا يىغىلدى. ئۇلار بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ تۇرغاندا، ياشلىقىدىكى دوستى نەمەنگەنلىك شادۆلەتنى كۆرۈپ بابارەھىم ھەيران قالدى.

— ھە، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ.

— سىز نەمەنگەندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر يىل ئۆتكەندە كەلگەنىدىم، ئىللى تەرەپكە كەتكەنىكەنسىز. بۇ يەردە سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى بىلدۈرمەي ئوتۇنچىلىق قىلىپ يۈردۈم. يېنىپ كەلگەنلىكىڭىز ياخشى بولدى، كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى، — دېدى پاكارغىنە، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان شادۆلەت كۈلۈمسىرەپ.

— بالىلىق چېغىمىز يادىڭىزدىمۇ؟ ياغاچ ئات مىنىپ، ئۇلارنى نەمەنگەن دەرياسىدا سۇغۇرۇپ قايتىدىغىنىمىز.

— ھە، يادىمدا. سىز كۆپىنچە: «ھەي، شادۆلەت، ئاتلار ئاچ قالمىسۇن ئوقۇرىغا بىدە سال، خالتىدا يەم بار» دەپ بۇيرۇيتتىڭىز.

— ھە، ئۆمرىمىزنىڭ باھارى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى توۋلىساقمۇ يېنىپ كەلمەيدۇ.

بابارەھىم كونا دوستلىرى بىلەن يەنە بىردەم سۆزلىشىپ تۇردى - دە، كېيىن:

① مەشرەپ بىر غەزىلىدە ئافاق خوجىنى «ساھىبى ئازار» (ئازار بەرگۈچى) دەپ ئاتىغان (ئاپتوردىن).

— يول مېڭىپ ھېرىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسچىتتە تىك تۇرۇپ پۈتۈم تېلىپ كەتتى. ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار، بېرىپ ئارام ئالاي، — دېدى.

ئۇ ھۇجرىغا كىرىپ، پوستەككە سوزۇلدى - دە، خىيالغىنچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ ھەممە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇغىلى كىرىپ كەتكەندە ئورنىدىن قوپتى، بىر چاغلاردا سۆيگىنى بىلەن ئۇچراشقان جايلارنى ئايلىنىپ، ئۇنىڭ تاتلىق سۆزلىرىنى ئەسلىدى.

بابارەھىمنىڭ يەنە يېنىپ كېلىشى، ھېچنېمە بولمىغاندەك بىپەرۋا يۈرۈشى، كەچتە ساتار چېلىپ، قوشاق ئېيتىپ، مالاي مۇرىتلارنى بىكارچى قىلىپ قويۇشى ئافاق خوجىنىڭ چىشىغا تېگىشكە باشلىدى. ئۇ بىر باھانە تېپىپ مەشرەپنى يىراق بىر يەرگە ماڭدۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇردى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزىدىن ئازار يېگەن بۇ ئادەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باھانىمۇ تېپىلىپ قالدى.

بىر كۈنى تاشكەنتتىن كەلگەن چاپارمەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەردىن ئافاق خوجىنى خەۋەرلەندۈردى، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، مەشھۇر ئىشان ھاجى نۇرنىڭ قاتتىق ئاغرىق بولۇپ، جېنى ھەلقۇمىدا ياتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھەمكاسىبى ئىخلاسمىنى بولغان بۇ ئىشان ھەققىدىكى مۇدھىش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئافاق خوجا، قايغۇرۇش ئورنىغا خۇش بولۇپ، ھىجىيىپ قويدى. بىردىن كۆزلىرى چاقناپ، يۈزى يورۇپ كەتتى.

ئەتىسى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن مۇرىتلىرىنى، جۈملىدىن بابارەھىم مەشرەپنىمۇ ھۇزۇرىغا چىللاپ شۇنداق دېدى:

— تاڭ سەھەر تائەت قىلىپ ئولتۇرسام ماڭا ئايان بولدىكى، تاشكەندلىك مەشھۇر ئىشان ھاجى نۇر ئۆلۈم ھەلقۇمىدا ياتقان، شەيتانى لەئىن ئۇنىڭ ئىمانىغا قەست قىلىۋاتقانمىش، ھاجى نۇر يەتتە قېتىم ھەج قىلىپ، يەتتە قېتىم ئۆيلىنىپ ئابرۇي تاپقان زات. ئاراڭلاردا بىر شىرى مەرد بارمىكىن، تاشكەندكە بېرىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئىمانىنى شەيتانىي لەئىننىڭ چاڭگىلىدىن خالاس قىلسا، ئۇ ئىمانى - نۇرى مۇنەۋۋەر بىلەن دارىلبەقاغا سەپەر قىلسا...

ئىخلاسمەن مۇرىتلار غىڭ قىلماي، يەرگە قاراپ قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. پىرى مۇرشىد ئاۋازىنى پەسلىتىپ، سوئالىنى يەنە تەكرارلىدى.

بۇ قېتىممۇ ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. ئۇ سوئالىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغاندا مەشرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇردى:

— ئەي قۇتبى ئالەم، رۇخسەت قىلسىلا مەن تاشكەند سەپىرىنى ئىختىيار قىلىپ، ئۇ يەردە شەيتان بىلەن جەڭگى - جېدەل قىلسام، — دېدى، — باياتىن بېرى مەندىن ئىناۋەتتىن ۋە يېشى چوڭراق كىمەرسىلەردىن زۇۋان چىقار، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىدىم. ئاۋۋال ئۇلۇغ تەرەپكە قارىدىم، كېچىلىرى تائەت - ئىبادەت قىلىپ، تەسۋىي سىرىپ، ساقاللىرى ئاقارغان مويسىپىتلەر سۈكۈت ساقلاپ تۇرۇشتى. كېيىن سول تەرەپكە قارىدىم. قارا ساقال خۇداگۇيلەردىن ئۈن چىقمىدى. ئەڭ ئاخىرى بۇ خەتەرلىك ئىشنى ئورۇنداشقا سىلىدىن رۇخسەت سوراشقا جۈرئەت قىلدىم.

— باركاللا، سەندىن بۇ گەپنى كۈتكەن ئىدىم، — دېدى ساھىبى ئازار كۆلۈمسىرەپ، — سەن دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىنى تەرك ئېتىپ، فەنا يولىنى چاغلىغان مەردى خۇداسەن. بىز پاتىھە بېرەيلى، سەن ئىككى پېشىڭنى بەلۋېغىڭغا قىستۇرۇپ، يولغا راۋان بولغىن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. پاتىھەدىن كېيىن ھەممە ئورنىدىن قوپتى. بابارەھىم مەشرەپ مېڭىش ئۈچۈن ئېشىكىنى توقۇپ تۇرغاندا شادۆلەت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەنمۇ تاشكەندكە كېتىمەن، قۇتبى ئالەم سىز بىلەن بىللە كېتىشكە رۇخسەت قىلدى. خىزمىتىڭىزنى قىلىپ بارىمەن، — دېدى.

— ماڭا خىزمەتكار كېرەك ئەمەس، — دېدى مەشرەپ توقۇمىنىڭ تۆشبېغىنى تارتىپ تۇرۇپ، — ساھىبى ئازارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈۋەر، ئېھ، پىرىمەست!

شادۆلەت ھەرقېتىم زىكرگە چۈشكەندە ھوشىدىن كېتىپ قالاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇرىتلار پىرىمەست دەپ لەقەم قويۇپ قويۇشقانىدى.

— سىزگە خىزمەتكار كېرەك بولمىسا، ھەمراھ كېرەكتۇر، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، — ئېغىر ئەمگەك جېنىمغا تەگدى، مەنمۇ سىزدەك دالىدا كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىشنى، سەپەر قىلىشنى خالايمەن.

مەشرەپ يۈزىنى قورۇق باسقان پاكار يىگىتكە قاراپ، ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى:

— بوپتۇ، ھەمراھ بولۇپ بارساڭ، ياق دېمەيمەن، چاپسان بول!

— ئېشىكىم توقۇقلۇق، يول ئۈچۈن ئازراق پۇلۇم، يېيىش ئۈچۈن بىر خالتا تالقىنىم بار.

— ۋاھ، سەن مەندىن ئاۋۋال تەييارلىق قىلىپ قويغانىكەنسەن، ئەمىسە كەتتۇق…

ئۇلار دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققاندا، پىرىمەست:

— تاشكەندكە نەچچە كۈندە يېتىپ بارىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— چاپسان ماڭساق يىگىرمە كۈندە.

— ئېھ، كېچىكىپ قالامدۇق؟ ئۇ چاغقىچە ھاجى نۇر ۋاپات بولۇپ كەتسە، قانداق بولىدۇ؟

— ۋاپات بولسا ساڭا نېمە، — دەپ كۈلدى مەشرەپ.

— ئىمانىنى، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، شەيتان…

— ئېھ، تازىمۇ سادىدا، گول يىگىت ئىكەنسەن - دە، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى مەشرەپ، — ساھىبى ئازار مېنى قەشقەردىن كەتكۈزۈش ئۈچۈن شۇ گەپنى ئويلاپ تاپقان، بىلىپ قويغىن، شەيتان ئادەمنىڭ ئىچىدە، ئۇ ھېچقاچان ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشۈپ ئادەمگە قەست قىلمايدۇ. شەرىئەت، قۇربى يەتكەن ئادەم بىر قېتىم ھەج قىلسۇن، دەپ بۇيرىغان، يەتتە قېتىم مەككىگە بېرىشنى تەلەپ قىلمىغان. ھاجى نۇر نامىنى چىقىرىش، ئادەملەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەتتە قېتىم خوتۇن ئالغان، ئۇ شەيتانغا دەرس بېرىپ يۈرگەن ئادەم.

— قۇتبى ئالەمگە، شەيتان بىلەن جەڭگى - جېدەل قىلىپ، ھاجى نۇرنىڭ ئىمانلىرىنى ساقلاپ قالىمەن، دەپ ۋەدە بېرىپسىزغۇ!

— تاشكەندكە بارغاندا كۆرسەن جەڭگى - جېدەل قىلىشىمنى، — دەپ جاۋاب بەردى مەشرەپ مىيىقىدا كۈلۈپ.

**ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەت**

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تاللاش تەرەپلىرى قارىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە

### ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت

جورا تاللاش ئىنسان كىشىلىك ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان ئەڭ مۇھىم تاللاشلاردىن بىرى. ئۇ مۇشكۈل ھايات سەپىرىنى بىرگە باسىدىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تېپىش دېگەنلىك. شۇڭا، تاللاشنىڭ قانداق بولۇشى شۇ تاللىغۇچىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى، ئىستىقبالى، كەسىپ، خىزمەت ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش - بولماسلىقى، ھاياتىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكىگە ناھايىتىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ نەتىجىلەرنىڭ قايسىبىرى بىلەن يەكۈنلىنىشىنى شۇ دەسلەپكى تاللاش بەلگىلەيدۇ.

شۇڭا، تۇرمۇشتا جورا تاللاشتىن ئىلگىرى، قايسى تەرەپلەرنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش، نېمىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىشتا، مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى چۈشىنىۋېلىشتا توغرا كېلىدۇ.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ھايات مۇئامىلىرى ئۈستىدىكى پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى ئارىسىدا مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ مەخسۇس توختالغان ھەم ئەتراپلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. ئۇ «قۇتادغۇبىلىگ» دە، تۇرمۇشتا جورا تاللاشتا قايسى تەرەپلەرگە قاراش، نېمىنى ئاساس قىلىش، پەرزەنتنى قانداق تەربىيىلەش، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى، چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانداق بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتىمۇ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ تەرەپلەردە بىلىشكە، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەخلاق نورمىلىرى، ھەرىكەت ئۆلچەملىرى، قىممەت مىزانلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جورا تاللاشتا قويىدىغان تەلەپلىرى ۋە ئاساسلىنىدىغان ئۆلچەملىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تاشقى گۈزەللىك ۋە ماددىي شارائىتقا قاراش، ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىققەت - نەزىرىگە دەسلەپ ئېلىنىدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرى ھەم ئالدىنقىسى. ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى پۇل بىلەن ئۆلچىنىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش، باھا بېرىش ھۆكۈم سۈرگەن، ھەممە نەرسىگە ماددىي نۇقتىدىن نەزەر سېلىنىدىغان بۈگۈنكىدەك ماددىيلاشقان جەمئىيەتكە نىسبەتەن بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشمۇ ئەمەس. بۇ پىكىر بىلەن بۇ تەرەپلەرنى نەزەرگە ئېلىش پۈتۈنلەي خاتا دېمەكچىمۇ ئەمەس. چۈنكى، مۇئەييەن ماددىي ئاساسسىز تۇرمۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، بەختتىن تېخىمۇ شۇنداق. چىرايىغا قاراش، تاشقى گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىشمۇ ئەيىب ئىش ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەللىككە بولغان مايىللىقنىڭ، ئىنتىلىشنىڭ ئىپادىسى. ھەرقانداق ئىنسان گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ. ئىنساننىڭ كۆزىگە دەسلەپ چېلىقىدىغىنى تاشقى قىياپەت، چىراي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ

ئۇنىڭغا زوقى كېلىشى، ئەسىر بولۇشى تەبىئىي. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاشقىي كۆرۈنۈشكە، سىرتقى شەكىلگە، ھادىسىلەرگە، زاھىرى نەرسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىچكى ماھىيەتكە ئېتىبارسىز قاراش — ئىنسانلاردىكى ئورتاق ئاجىزلىق. ئۇنداق بولمىغاندا، كىشىلىك ھايات، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مۇنچە كۆپ تراگېدىيىلەرگە تولمىغان بولار ئىدى.

ئەمما، ئىنساننى ھەقىقىي قىممەتكە، ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدىغىنى تاشقى گۈزەللىك ۋە ماددىي ئۈستۈنلۈكلا ئەمەس. بەلكى، ئىچكى گۈزەللىك ۋە مەنىۋى بايلىق، يەنى قەلب گۈزەللىكى ۋە ئەخلاقىي كامىللىقتۇر. چۈنكى، تاشقى گۈزەللىك، چىرايدىكى لاتاپەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان، جازىبىدارلىقىنى، قىممىتىنى يوقىتىدىغان ئۆتكۈنچى، ئۆزگىرىشچان نەرسە. ماددىي ئۈستۈنلۈك بولسا تېخىمۇ ئۆزگىرىشچان، ئىشەنچسىز، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى گاھىدا ھەتتا چىرايدىكى ئۆزگىرىشتىنمۇ تېزراق بولىدۇ.

قەلب گۈزەللىكى، مەنىۋى بايلىق، ئەخلاقىي كامىللىق — بۇلار بىر خىل ئۆزگەرمەس قىممەت، باھاسى چۈشمەيدىغان بايلىق بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بۇلارنىڭ قىممىتىدە ئۆزگىرىش، تۆۋەنلەش پەيدا قىلالمايدۇ. چۈنكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ بېرىشى قەلب گۈزەللىكىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدۇ. مەنىۋى بايلىقنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرىدۇ، ئەخلاقنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئۆمرىنى ۋاقىت بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ بارغانسېرى بۇلارنىڭ قىممىتى ئاشسا ئاشىدۇكى، ھەرگىزمۇ تۆۋەنلىمەيدۇ.

بۇ گەپلەر ئېھتىمال ھەممىلا ئادەمگە تونۇش بولۇپ كەتكەن، ئەمما ھېچكىم ئانچە ئىرەن قىلمايدىغان «كىتابىي سۆز، قۇرۇق پەلسەپە» بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، مەيلى كىشىلەر قانداق قارىمىسۇن، قانداق ئويلىمىسۇن، بۇ بىر ھەقىقەت. ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتى مانا شۇ ئۆزگەرمەس ھەقىقەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دىققەت - ئېتىبارىنى ئەڭ ئاۋۋال ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى، بەخت - سائادىتىگە قاراتقان بۈيۈك دانىشمەن، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھايات مۇئەممالىرىغا پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قارىغان ھەم ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان.

مۇتەپەككۇرنىڭ قارىشىدا، ئەر كىشى ئۆزىگە جورا تاللاشتا چوقۇم كۆزى ئۆتكۈر، ئۆزى چاققان بولۇشى كېرەك. ئۆيلىنىدىغان قىز تاللىغاندا ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى، تەربىيە كۆرگەن، ئويياتچان، پاكىز تەبىئەتلىك، ۋاپادار قىزنى تاللاش لازىم.

4475 . *ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ،*
*تاللىۋال خىلىنى، ئىتتىك قىل كۆزۈڭ.*

4476 . *تېگى ياخشى بولسۇن ئۇخشۇم ھەم ئۇرۇغ،*
*ئويياتچان ۋە تەقۋا ئۆزى بەك ئېرىغ.*

جورا تاللاشتا چىرايىغا ئەمەس، خۇي - مىجەزىگە، پەزىلىتىگە قاراش كېرەك. مىجەز - خۇلقى ياخشى، پەزىلەتلىك ئايال ئەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، يۈزىنى يورۇق قىلىدۇ.

4482 . *چىرايلىقنى دېمە، خۇلقى ئۆزىنى دە،*

www.uyghurkitap.com

كى خۇلقى ياخشى بولسا يورۇتقاي سېنى.

4484. گۈزەل خۇيىنى ئىستە، ئاختارما جامال،
خۇيى ياخشى بولسا تاپارسەن كامال.

چىراي قوغلىشىپ گۈزەللەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن ئادەم غەمدىن خالاس بولالماي چىرايى سارغىيىپ يۈرۈيدۇ.

4485. گۈزەللىك قىدىرغان ئايا، سەن ئىنسان،
ئۇنى قوي، يۈزۈڭنى قىلما زەپىران.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىت، تۆۋەندىكى تۆت خىل قىزدىن بىرىنى تاللىشى مۇمكىن:

4486. دېمە كىمگە ئۆيلىنەي، ئەي ئەرلەر بېشى،
ئالار شۇ تۆت خىلدىن بىرىن ئۇ كىشى.

4487. بىرى، باي خوتۇننى ئالماقنى ئىستەر،
ئۇ بىرسى، چىرايلىق ئۇچۇن كۆز تىكەر.

4488. يەنە بىرسى ئېسىل نەسەبلىك تىلەر،
ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوۋزانىپ يۈرەر.

4489. بىرى ئىستەر نەپس، تەقۋادارنى،
ئۇنى تاپسا باغلار ئاڭا كارنى.

دېمەك، ئۆيلەنمەكچى بولغان ئادەمنىڭ جورا تاللاشتا چىقىش قىلىش نۇقتىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا مۇشۇ تۆت خىلغا مەركەزلىشىدۇ. يا بايلىقنى ياكى چىرايىنى دەپ، يا نەسەبنى ياكى ئېسىل پەزىلىتى، تەقۋادارلىقىنى دەپ ئالىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بۇلارنىڭ ئارىسىدا، تاللىماقچى بولغان قىزنىڭ پاكىزە تەبىئەت، خۇش پېئىل، ئەخلاقلىق بولۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئەڭ مۇھىم. ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ئۇلارنىڭ ھۆسنى جامالىدا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىي كامالىدا.

شۇڭا، جورا تاللاشتا مۇشۇ تەرەپنى چىقىش قىلىش كېرەك. باشقا تەرەپلەرنى چىقىش قىلىپ جورا تاللاشلارنىڭ ھەممىسى ياخشى نەتىجە بىلەن يەكۈنلەنمەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆگۈت نەسىھەتىنى بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

4490. بۇلارنىڭ ئوبدىنىنى مەن ئېيتاي ساڭا،
ئالۇر بولساڭ خوتۇن قۇلاق سال ماڭا:

4491. ئايا باي خوتۇنغا ئىنتىلگۈچى جان،
ئەسىر بولما ئاڭا، ئى ئالىم ئىنسان.

4492. ئۇ مالغا سۆيەنىپ، تىلىن ئۇزارتۇر،
ئۇنىڭ رەيى سېنى ھەر كويغا سالۇر.

دېمەك، بايلىقنى دەپ خوتۇن ئېلىشىنىڭ ئاخىرى ئۆزىنى ۋەيران قىلىش بىلەن يەكۈنلە-نىدۇ. چۈنكى، باي خوتۇن ھامان ئۆز بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلماي قالمايدۇ. بايلىق ۋەسۋەسىسى ئىنساننى ھەر ئۆي - ھەر كويلارغا سالىدۇ، ئاخىر بېرىپ گۇمران قىلىدۇ.

چىرايىنى دەپ خوتۇن ئېلىشىنىڭ خەۋپلىك يېرى شۇ يەردىكى، چىرايلىق ئاياللارنىڭ كەينىگە چۈشىدىغانلار كۆپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرمىكىمۇ تەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە گەپ - سۆز، پىتنە - ئىغۋالار كۆپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر ئەلنىڭ كۈلكىسىگە، مەسخىرىسىگە دۇچار بولۇپ باش كۆتۈرەلمەيدۇ.

4493. گۈزەلنى تىلەگەن ئى ئەر ياخشى،
ئۇنى ئالساڭ ياغار ئەلنىڭ كۈلكىسى.

4494. چىرايلىق ئايالنى پۈتۈن خەلق سۆيەر،
ئۇنى تەڭرى پەزلى ساقلىسا مەگەر.

ئائىلە كېلىپ چىقىشى يۇقىرى، نەسەبى ئۈستۈننى تاللاشنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى بار. چۈنكى، بۇنداق ئايال ھە دېسىلا ئائىلىسىنىڭ ئورنى، جەمەتىنىڭ نەسەبى، نام - ئابرۇيىنى پەش قىلىپ، ئەرنى پەس كۆرۈپ خارلىشى تۇرغانلا گەپ.

4495. ئەي ئەسلى بۈيۈككە ئىنتىلگۈچى سەن،
ئۆمرۈڭنى خار ئەتمە بۇنىڭلىق بىلەن.

4496. ئۇرۇغ - نەسلى بۈيۈكنىڭ سۆزى ھەم تىلى
ئۇزۇندۇر، بولما سەن خوتۇنىنىڭ قۇلى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە، جورا تاللىغاندا ئىلاجى بار ئۆزىدىن تۆۋەن ياكى ئۆزى بىلەن تەڭ تۇرىدىغان قىزنى تاللىغان مۇۋاپىق.

4497. خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزۈڭدىن تۆۋەن،
ئېيسىلما ئېگىزگە ئەسىر بولۇرسەن.

4480. خوتۇن ئالساڭ ئالغىن، تۆۋەن، تۇغرىنى،
سۆيۈنچ بىرلە ئۆتكەي ھاياتىڭ كۈنى.

4483. *خوتۇن ئالما، ئالساڭ كۆز تېگمىگىنى ئال،*
*مى ئەرلەر ئەرى تەقۋادارنى ئال.*

بۇ يەردىكى «تەقۋادار» دېگەن ئۇقۇمنى كەڭرەك مەنىدە «ساداقەتمەنلىك، ۋاپادار» دەپ چۈشەنسەك تېخىمۇ توغرا چۈشەنگەن بولىمىز.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆيلىنىشكە جورا تاللاشتا چىقىش قىلىدىغان ھەرقايسى تەرەپلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، جورا تاللىغاندا ساداقەتمەنلىك (تەقۋادار)، پاكىز تەبىئەتلىك (ئارىغ)، دۇرۇس خۇيلۇق (خۇش پېئىل)، ئەخلاقلىق بولۇشتىن ئىبارەت تۆت شەرت ھازىرلانمىغانلىقىغا قاراشنى مەسلىھەت بېرىدۇ. مۇتەپەككۇرنىڭ قارىشىدا، مانا شۇ شەرتلەر ھازىرلانغان بولسا، بۇنداق ئايال ئەرگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ، ئەرنى كۆكلىتىپ، باي قىلىپ گۈللىتىدۇ، قۇدرەت تاپقۇزىدۇ.

4497. *ئەي تەقۋادار خوتۇننى ئىستەر بەگزادە،*
*تېپىلسا ئۇ بولغاي تۆت شەرت ئىپادە.*

4498. *تېپىلسا تەقۋادار ياخشى بىر چىشى،*
*غەنىيمەت بىلىپ ئال ئەي ياخشى كىشى.*

4499. *تىلەك بايلىق ئولسا بېرۇر مال يىغىپ،*
*بېيىتقاي سېنى ئۇ قىزىل يۈز قىلىپ.*

4500. *دۇرۇس خۇيلۇق ئولسا گۈزەللىك كېلۇر،*
*خوتۇننىڭ كۆركى ئەخلاق بىلىملىك بىلۇر.*

4501. *ئېرىغ، تەقۋادار بولسا ئۇ ئېسىل بولۇر،*
*قالغان ئۈچ نەرسىمۇ ئۇندا تېپىلۇر.*

4502. *ھېكىم سەن، بىر تەقۋادار خوتۇن ئىستىگىل،*
*ئۇ بولسا، بولۇر جەم بۇ تۆرت شەرتمۇ بىل.*

مۇتەپەككۇرنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرى قىسمەن ھالدا شۇ دەۋردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان فېئودال دىنىي قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمىغان بولسىمۇ، بۇ پىكىرلەر تۇرمۇش مەنتىقىسى، ھايات قانۇنىيەتلىرىگە، ئىنسانىي قەدىر - قىممەت مىزانلىرىغا ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن يەنىلا قىممەتلىك.

جورا تاللاشتىن مەقسەت، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، ئائىلە قۇرۇش. ئائىلە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئائىلىنى تەشكىل قىلغان دەسلەپكى ئائىلە ئەزالىرى — ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر - بىرىگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەر -

ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قانداق راۋاجلىنىشى بۇ ئائىلىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە، شۇنداقلا يېقىندىن قوشۇلۇپ بارىدىغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە كەلگۈسىگە ناھايىتىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى، ئائىلە — كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت. جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇ جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، ئائىلىنى شەكىللەندۈرگەن ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىمۇ ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، يەنى ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئۆزىگە خاس بىر ئىلىمدۇر.

شۇڭا ئىبن سىنا پەنلەرنى تۈرگە بۆلگەندە، ئائىلىنى ئىدارە قىلىشنىمۇ ئايرىم بىر ئىلىم سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. ئالىم پەنلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلگەن بولۇپ، ئەمەلىي پەنلەرنى يەنە ئۈچكە بۆلىدۇ، بۇلار: (1) جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئىلمى؛ (2) ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئىلمى؛ (3) ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىلمى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئاساسىي دىققىتىنى بۇ ئىلىملەرنىڭ بىرىنچىسى بولغان جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ئىلمىغا قاراتقان. ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولغاچقا، كېيىنكى ئىلىملەرگە ئانچە كۆپ توختالمىغان. ئەمما، بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئىلىملەرگە ئېتىبار بەرمىگەن، دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ. مۇتەپەككۇر ئۆزىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كامالىتى، قەدىر - قىممىتى، بەخت - سائادىتى مەسىلىسىنى قويغان. شۇنداق بولمىغاندا، ئۇ شۇنچە زور ھەجىملىك ئەسىرىگە، «قۇتادغۇبىلىگ» («بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم») دەپ ئىسىم قويمىغان، ئەسىرىدە ئىنساننىڭ قىممىتىنى نېمە بەلگىلەيدىغانلىقى، بەختكە قانداق ئېرىشكىلى ۋە ئۇنى قولدا قانداق تۇتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەخسۇس بابلار بويىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بارمىغان، ھەقىقىي ئادەم بولۇشنىڭ، ھاياتنى قەدىرلەشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ مىسرالارنى سەرپ قىلمىغان، ئۆيلىنىش، ئائىلە قۇرۇش، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىلىرىگە ئايرىم بابلار ئاجراتمىغان بولار ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «قۇتادغۇبىلىگ» ئۇيغۇر ئېتىكا تارىخىدىكى ئەڭ يىرىك ئەخلاق قامۇسى ھەم ھايات پەلسەپىسى خەزىنىسىدۇر.

يۇقىرىدا بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئاساسى بولغان جۆرا تاللاش مەسىلىسى ئۈستىدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. مۇتەپەككۇر بۇ مۇلاھىزىلىرىدىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ئائىلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە توختىلىدۇ.

بۇ مەسىلىگە بولغان قاراشتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسىدە مۇتەپەككۇر ياشىغان شۇ دەۋردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان فېئودال دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك ھەم ئېغىر بولۇپ، ئالىم ئاياللارغا نىسبەتەن ئۇلارنى تۆۋەن كۆرۈش، كەمسىتىشتەك بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيە تۇتۇشتىن خالىي بولالمىغان.

1303. ئايالىڭنى چىلاپ تۇت، يىپىپ يۇر كىشىلىك،
خوتۇنىدىن تېگىنور ئەرگە بار ئەسكىلىك.

4513. خوتۇنغا بول ئۆيدە دائىم كۆزەتچى،
تېشىدەك بولالماس چىشىنىڭ كىچى.

4514. ئۆيگە يات كىرمىسۇن، چىقمىسۇن خوتۇن،
ئانى چۈنسە يات كۆز، بۇزۇلغاي پۈتۈن.

4518. خوتۇننى قويمىغىن سىرتقا چىققىلى،
يوقاتقاي چىقسا گەر دۇرۇسلۇق يولى.

4519. خوتۇننىڭ ئەسلى گۆش، كۆزەتمەك زۆرۈر،
كۆزەتمەي قويارسەن ئۇ گۆش بۇزۇلۇر.

4520. ئەزىز كۆر خوتۇننى نېمە دېسە بەر،
ئۆيۈڭ گۈللىنىش ئەت، يولاتمىغىن ئەر.

ئالىم بۇ پىكىرلىرىنى قانچىلىغان ئېسىل كىشىلەرنى، باھادىر ئەزىمەتلەرنى ئاياللار ۋەيران قىلغان ئەمەسمۇ، ئاياللار شۇنداق ۋاپاسىز، ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ دەپ يەكۈنلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ قاراشلاردىن بىز ئالىمنىڭ ئەقىل ۋە زەكاۋەتتە، ئىلىم ۋە ھېكمەتتە ئۆز دەۋرىدىن كۆپ ئىلگىرى كەتكەن يېتۈك ئالىم، بۈيۈك مۇتەپەككۇر بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەپەككۇرىغا ئۆز دەۋرىنىڭ تامغىسى بېسىلغانلىقتىن ئىبارەت پاكىتنى كۆرىمىز. لېكىن، بۇ ھەرگىزمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئاجىزلىق ياكى نۇقسان ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى تارىخىي چەكلىمىلىك ۋە دەۋر چەكلە-مىلىكىدىن خالىي بولالماسلىقتەك ئومۇمىي ئەھۋالنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئىپادىسىدىنلا ئىبارەت خالاس.

ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مەيلى ئۆز دەۋرىدىن قانچىلىك ھالقىپ كەتكەن، ئىلگىرى كەتكەن بولمىسۇن، ئۇنىڭغا ھامان شۇ دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ دەۋرنىڭ پەرزەنتى، شۇڭا گېگېل «خۇددى ھېچكىم ئۆز تېرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگىنىدەك ئوخشاش، ھېچكىممۇ ئۆز دەۋرىدىن ھەقىقىي يوسۇندا ھالقىپ كېتەلمەيدۇ» دېگەن ئىدى.

ئەمدى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلىگە كېلەيلى: ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرلىشىشىدىن ئائىلە شەكىللەنگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا ئائىلىنىڭ يېڭى ئەزالىرى — پەرزەنتلەر بارلىققا كېلىدۇ. پەرزەنتنى قانداق تەربىيىلەش بۇ ئائىلىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ياش ئاتا - ئانا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ھەم قىيىن ۋەزىپە. پەرزەنت — ئاتا - ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى كۈچ ۋە ئەخلاقىي قۇۋۋەتنى

ئۆلچەيدىغان تارازا. پەرزەنت تەربىيىلەش مانا شۇلارنى سىنايدىغان بىر مەيدان ئىمتىھان. ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسىنىڭ تارازىغا ئولتۇرۇش - ئولتۇرماسلىقى، بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكى پەرزەنتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش - بولماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. بۇ پەرزەنتىنىڭ قانداق چوڭ بولۇشى ئاتا - ئانىنىڭ، يەنى ئائىلىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق دېگەنلىكتۇر.

دېمەك، پەرزەنتىنىڭ يارامىلىق بولۇش - بولماسلىقى ئاتا - ئانىنىڭ يارامىلىق بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق. پەرزەنتنى يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزى يارامىلىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، پەرزەنتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېتەكچىسى ۋە تەقلىد قىلىپ دورايدىغان ئادىمى ئاتا - ئانىدۇر. ئاتا - ئانىنىڭ ھەربىر گەپ - سۆزى، ھەرىكىتى پەرزەنتىنىڭ يېتىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار پەرزەنتنى تەربىيىلەشتىن ئاۋۋال ئۆزلىرىنى ياخشى تەربىيىلىشى شەرت. شۇندىلا پەرزەنتىمۇ ياخشى تەربىيىلىنگەلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئائىلە ئەخلاقىدا پەرزەنت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ناھايەتىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ھەم بۇ مەسىلىگە ئېتىبار بىلەن قارىغان. شۇڭا، ئۇ پەرزەنتىگە ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ تەربىيىچى بول، دەپ كۆرسەتمە بېرىدۇ.

4504. *تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل،*
*ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.*

بالىغا قاراشقا تاللىغان ئىنىكئانا چوقۇم پاكىز ھەم ياخشى بولۇشى كېرەك. بۇ بالىلارنىڭ پاكىز ھەم ساغلام ئۆسۈشىنىڭ كاپالىتى.

4505. *ئېرىغ ياخشىنى ئال ئىنىكە قىلىپ،*
*ئوغۇل - قىز ئۆسەر پاك ساغلام بولۇپ.*

پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇشى كىچىكىدىكى ئائىلە تەربىيىسىگە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتنى كىچىكىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش، قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەك. بۇ پەرزەنتنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

1493. *ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،*
*كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇغلۇق بولۇر.*

1494. *ئوغۇل - قىز ئايىماي تاياق بىرلە ئۇر،*
*تاياق قىز - ئوغۇلغا بىلىم ئۆگىتۇر.*

1495. *كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،*
*قېرىپ ئۆلمىگۈچە ئۇنۇتماس ئۇنى.*

www.uyghurkitap.com



پەرزەنتكە ئاتا ئەمگىكى قانچە كۆپ سىڭسە، ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ شۇنچە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، پەرزەنتى ياخشى چوڭ بولىدۇ. باللارغا كىچىكىدىن قانداق تەلەپ قويۇش، چىڭ تۇتۇش، بۇ باللارغا ھەقىقىي كۆيۈنگەنلىك؛ كىچىكىدە چىڭ تۇتۇلمىغان، تەربىيىسى ياخشى بولمىغان بالىدىن ئۈمىد كۈتمىسىمۇ بولىدۇ:

1218. *ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،*
*بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى - پەيلى خوپ.*

1219. *ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا ياخشى ئېبرۇر،*
*ئاتا - ئانىسى بەختلىك بولۇر.*

1220. *ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل*
*بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.*

بالىنى كىچىكىدە چىڭ تۇتماي ئەركە قىلىپ قويۇپ، كېيىن پەرزەنتتىن قاقشاش ئەخمەقانىلىق. پەرزەنتنىڭ يارىماس بولۇپ قېلىشىدىكى مەسئۇلىيەت بالىدا ئەمەس بەلكى ئاتىدا. چۈنكى، ئۇنى كىچىكىدە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ئەركە ئۆگىتىپ قويۇپ، چوڭ بولغاندا ئۇلاردىن ئاغرىنىش توغرا ئەمەس. ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە ئۆزىدىن ئاغرىنسا بولىدۇ. شۇڭا، پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن ئەدەپ - ئەخلاقلىق چوڭ قىلىش، بىلىم ئۆگىتىش كېرەك. پەرزەنتلەرمۇ چوڭ بولغاندا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بۇ ئەجرىدىن سۆيۈنىدۇ.

1221. *زەكى بولسا ئالىمى، ئوغۇل ئاتىسى،*
*ئۇنى تۇتقۇلۇق چىڭ، شۇدۇر چارىسى.*

1223. *كىمىنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى - قىزى،*
*چېكىپ ئاھ ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.*

1224. *كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋاش،*
*ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئاتاغا جاپا.*

1225. *ئوغۇل قىز خۇيى - پەيلى بولسا يامان،*
*يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.*

1226. *قىسىپ تۇتسا ئوغلىن ئاتا ئۆگۈتۈپ،*
*ئوغۇل - قىز سۆيۈنۈر چوڭايسا تولۇپ.*

1227. *ئوغۇل - قىزنى قىسىپ تۇت ئاتا بولغۇچى،*
*ساڭا كۈلمىسۇنلەر كېيىن كەلگۈچى.*

1228. *ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت پەزىلەت بىلىم،*
*پەزىلەتتە بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.*

ئالىم پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىنلا ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئۆگىتىشنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىپ، بالىلارنىڭ مەنىۋى تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ:

4506. *ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،*
*بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.*

پەرزەنت تەربىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بالىلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى. ئوغۇلنى ئۆيلەش، قىزنى ياتلىق قىلىش — بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى بۇرچى. ئوغۇلنىڭ يالچىماس، يارامسىز بولۇپ، بىكار يۈرۈشى ئاتا ـ ئانىنى قانچىلىك تەشۋىشكە سالسا، قىزنىڭ ياتلىق بولۇش يېشىدىن ئارتىپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قېلىشى ئۇلارنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇشى يەنىلا ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە — ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلارغا سىڭدۈرگەن ئەمگىكىگە باغلىق بولىدۇ. ياخشى تەربىيىلەنگەن پەزىلەتلىك، بىلىملىك ئوغۇل ـ قىز ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى ئۆزلىرى تېپىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئېغىرلىق چۈشۈرمەي، ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتتىن كۈتىدىغىنىمۇ شۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

4507. *ئوغۇلنى ئۆيلەندۈر قىزنى ئەرگە بەر،*
*ياشا دەرد ئەلەمسىز، ئايا قۇتلۇق ئەر.*

4508. *پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت،*
*ئاڭا مال بەرگۈسى يىغىپ پەزىلەت.*

4509. *ئوغۇلنى بىكار ـ بوش يۈرمە سەن قويۇپ،*
*بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.*

1410. *قىزىڭ ئۆيدە ئەرسىز ئۇزاق تۇرمىغاي،*
*ئۆلەرسەن پۇشايماندا سەن ئاغرىماي.*

پەرزەنتلەرمۇ ئاتا ئەجرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ قۇلاق تۇتۇشى كېرەك، بۇ ئەمەلىيەتتە پەرزەنتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق. ئاتا پەندىنى ئەستە تۇتقان پەرزەنت بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ، كۆڭۈللىرىنى راھەتتە ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1568. *ئاتا پەندىنى سەن قاتتىق تۇت قاتتىق،*
*كۆڭلۈڭ قۇتلۇق بولۇر كۆڭسايىن تاتتىق.*

ئاتا ـ ئانا ئەجرىگە لايىق جاۋاب قايتۇرۇش پەرزەنتنىڭ بۇرچى. بۇ بۇرچنى ئورۇنداشتىن پەرزەنتكە كۆپ مەنپەئەتلەر يېتىدۇ. خەلقىمىزدىكى پەرزەنتنىڭ گۈللىشى، روناق تېپىشى، ئاتا ـ ئانا دۇئاسىنىڭ شاراپىتىدىن دەيدىغان ئەقىدىنىڭ تېگىدە ھەم شۇ مەنە ياتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىغا ھەر ۋاقىت خىزمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، دەردىگە دەرمان بولۇش كېرەك.

1569. *خىزمەتلە خۇش قىلساڭ ئاتا ـ ئانىنى،*
*تاپارسەن تۇمەنىڭ كۆپ پايدا ـ ئاسىغ.*

بۇ پىكىرلەردىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئائىلىدىكى مۇناسىۋەت ئائىلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلا ئەمەس، يەنە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئائىلە باشلىقىنىڭ ـــ پەرزەنت بىلەن ئاتا ـ ئانىنىڭ، كىچىكلەر بىلەن چوڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇمۇ ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلە ئەخلاقىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردىن بىز ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتكە ھەقىقىي كۆيۈنۈشى، تەلەپچان بولۇشى، پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار، كۆيۈمچان بولۇشى لازىملىقىنى چۈشىنىدۇق. ئۇنداق بولسا، ئائىلىدە ھەم جەمئىيەتتە قېرىلار بىلەن ياشلارنىڭ، چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇمۇ ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئائىلە ئەخلاقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى.

مۇتەپەككۇرنىڭ قارىشىدا، چوڭلارغا، ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىنسان قەدىر ـ قىممەت تاپىدۇ. چوڭلارغا، ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ـــ بۇ جاھاننىڭ قانۇنى. كىچىكلەرگە ئۇلۇغلۇق ئۇلۇغلاردىن كېلىدۇ. شۇڭا، چوڭلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش، كەلسە قىزغىن كۈتۈۋېلىش، خىزمىتىنى قىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە، ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىش ۋە ئەمەل قىلىش كېرەك.

4151. *ئۇلۇغنى ئۇلۇغلاپ قىل ھۆرمەت ئاتا،*
*كېلۇر بەخت ـ دەۋلەت، ئۇلۇغلۇق ساڭا.*

4153. *ئۇلۇغقا ھۆرمەت بۇ جاھان قانۇنى،*
*ئۇلۇغ كەلسە قوپۇپ كۈتۈپ ئال ئۇنى.*

4154. *كېرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،*
*ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەيىنى.*

4178. كىچىككە ئۇلۇغلۇق ئۇلۇغدىن كېلۇر،
خىزمەت قىلسا چوڭغا، كىچىك بەخت تاپۇر.

4179. ئۇلۇغلار سۆزىن تۇت، كىشتىپ قىل، يۇگۇر،
سۆزىنى ئۇتقان ئەر تىلەككە يېتۇر.

ئۇلۇغلار دېگەن چوڭ يولەنچۇك، تۇۋرۇك، ئۇلارنىڭ بار بولغىنى، تۇرۇپ بەرگىنى-
ـڭ ئۆزى چوڭ مەدەت ھەم بەخت. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشمۇ بىر بەخت. بەخت
ـدىگەنلەر ئالدى بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى، دۇئاسىنى ئېلىشى، سۆزىنى
ـىشى كېرەك. ئۇلارنى قەدىرلەپئاسراش، گەپ - سۆزلىرىگە يىرىك، قاتتىق جاۋاب
ـەسلىك كېرەك. ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاشتىن ئۇلۇغلۇق كېلىدۇ.

4180. ئۇلۇغلار ئېرۇر بەخت، سەن ئىستەسەڭ بەخت،
خىزمەتكە ئۇتقۇ بەخت، سەن خىزمەتتىن ئەت.

4303. ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغنىڭ سۆزىن قىلما رەت،
يىرىك قىلما بەرگەن جاۋابىڭ پەقەت.

4104. ئۇلۇغنى قەدىرلە ئۇنى ھۆرمەت ئەت،
ساڭا ھەم ئۇلۇغلۇق كېلىپ يۇققاي بەخت.

چوڭلار، ئۇلۇغلارمۇ كىچىكلەرگە قارىتا كىچىك پېئىل، مېھرىبان، رەھىمدىل
ۋشى، كىچىكلەرنى لايىقىدا ئىززەتلىشى كېرەك. كىچىكلەردىن ھۆرمەت، چوڭلاردىن
زەت دېگەن مانا شۇ.

4531. ئۇلۇغسەن ئۇلار بولدى سەندىن كىچىك،
كىچىككە ئۇلۇغلار رەھىم ئەتكۇلۇك.

1432. ئۇلۇغ بولدۇڭ ئەرسە كىچىك كۇت كوڭۇل،
ئۇلۇغقا كىچىكلىك ياراشۇر ئوغۇل.

قىسقىسى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە ئەخلاقى ھەققىدىكى قاراشلىرى، مۇلاھىزى-
ى بىرقەدەر سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، ھەم چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنىپلا قالماي، يەنە
له ئەخلاقىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاق نورمىلىرى، ھەرىكەت ئۆلچەملىرى
ۇرىغا قويۇلۇپ، مانا شۇ ئەخلاق نورمىلىرى ۋە ھەرىكەت مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىغاندىلا،
ـن ئائىلىنى بەختلىك ياخشى ئائىلە قىلىش، پەرزەنتلەرنى ساغلام ھەم ئىستىقباللىق
ـپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت كۆزلىگەن مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىل-
ن.

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە بېغىشلانغان ھايات

## مۇھەممەتتۇردى

بىز بىرەر مېۋىگە ئېغىز تەگكەن ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ بىزگە بەخش ئەتكەن لەززىتى ھامان مەلۇم كىشىلەرنىڭ مېھنىتى ۋە ئەجىر - تەرىپىسى بەدىلىگە كەلگەنلىكىدىن گۇمان قىلمايمىز. چۈنكى، ھەر بىر مېۋىنىڭ ئارقىسىدا كۆچەت تىككۈچى، سۇ قۇيغۇچى، ئۇنى ئوغۇتلاپ، پۇتاپ، پەرۋىش قىلغۇچى مېھنەت ئىگىلىرى بولىدۇ. بىرەر پارچە كىتاب ياكى گېزىت - ژۇرنالنىڭ ئارقىسىدىمۇ نامى زىكىر قىلىنغان ياكى زىكىر قىلىنمىغان بىرمۇنچە مېھنەت ئىگىلىرى بولغان بولىدۇ. «بۇلاق» ژۇرنىلى 1980 - يىلى تەسىس قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغا كەلگۈچە بولغان 25 يىللىق مۇساپە جەريانىدا قەرەلسىز مەجمۇئەدىن پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ تەرەققىي قىلدى، پەسىللىك ژۇرنالدىن يەنە قوش ئايلىق ژۇرنال قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئىلمىيلىكى ۋە باسما سۈپىتى يىلمۇيىل ياخشىلاندى. «بۇلاق» باشتا مەجمۇئە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندا بولسۇن ياكى ژۇرنال قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئالدىدىكى بۇرچىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى ئادا قىلىپ كەلدى. نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلارنى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدى. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك مىراسلىرىدىن نەمۇنىلەرنى تونۇشتۇردى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر فولكلورى، تىل - يېزىق تارىخى ۋە باشقا تېمىلارغا دائىر مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىلىرىنى داۋاملىق تونۇشتۇردى. «بۇلاق» ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرۇلغان مەنبەلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش ۋە بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش رولىنى ئوينىدى. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولى ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن كەسپ ئىگىلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. بۇ ژۇرنال ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى مەخسۇس تونۇشتۇرىدىغان بىردىنبىر نوپۇزلۇق ژۇرنال بولۇپ تونۇلدى. بۇ ژۇرنالنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى ھالەتكە كېلىشى نۇرغۇن كەسپىي ۋە مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەجىر - مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى. خەلقىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ تۆھپىكارلىرىنى ئەبەدىي ئۇنۇتمايدۇ.

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، پېشقەدەم نەشرىياتچى ئابدۇۋەلى خەلپەت ئاكا «بۇلاق» مەجمۇئەسىنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغان، بۇ مەجمۇئەنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ژۇرنالغا ئايلىنىشى ۋە كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇل ھازىرلىغان تۆھپىكارلاردىن بىرى. بۇ ژۇرنالنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئۇنىڭ نۇرغۇن زېھنىي قۇۋۋىتى، خالىس ۋە غەرەزسىز سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنىتى بار.

ئابدۇۋەلى خەلپەت ئاكا 1928 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ئوبلاستى خانئابات يېزىسىدا ئۇيغۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئائىلە-

سى غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئابدۇۋەلى خەلپەت ئاكا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى بايانداي يېزىسىدا ۋە غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇغان. 1943 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە غۇلجا شەھىرىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يېزا ياشلىرى ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشقان قوغداش ئەترىتىگە قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى مائارىپ ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا غۇلجا ناھىيىسى بايانداي باشلانغۇچ مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان، 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە شۇ يەردە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئىلى ۋىلايىتىدە ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىنىڭ پېداگوگىكا سىنىپىدا ئوقۇغان. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە غەربىي شىمال ياشلار ـ ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان ۋە ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كوللېكتىپ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە غۇلجا شەھىرىدە يېڭى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان.

ئابدۇۋەلى خەلپەت ئاكا 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «شىنجاڭدا تىنچلىق ـ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىتتىپاقى»نىڭ ئورگان گېزىتى — «ئالغا» گېزىتىدە ۋە «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا ياردەمچى مۇھەررىر ۋە مۇخبىر بولغان. ئابدۇۋەلى ئاكا شۇنىڭدىن باشلاپ ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەسىدە ئىشلەشكە باشلىغان. ئۇ 1952 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان «ئالغا» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى 10 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە كورلىدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشقان. 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان.

ئابدۇۋەلى ئاكا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە يېتىشىپ چىققان زىيالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن نەشرىياتچىلىق سېپىدە ئۆزىنىڭ تايانچلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەسپداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ۋە تەشكىلنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ 1956 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، 1962 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. بۇ ئارىلىقتا ئىككى يىل (1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە) تۇرپاندا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان.

ئابدۇۋەلى خەلپەت ئاكا نەشرىياتچىلىق سېپىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپ مول بىلىم ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلغان، ئۆزىدە زۆرۈر بولغان كەسپىي ۋە ئەخلاقىي ساپانى ھازىرلىغانلىقتىن 1978 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە يەنە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ۋە پارتكوم ئەزاسى بولغان. 1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، پارتكوم ئەزاسى بولغان.

www.uyghurkitap.com

1990 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

ئابدۇۋەلى ئاكا نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە 40 يىلغا يېقىن ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى، ئۆز ھاياتىنىڭ ئالتۇن پەسلىنى ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بېغىشلىغان مۇنەۋۋەر پېشقەدەملىرىمىزدىن بىرى. ئابدۇۋەلى ئاكا ئۇزاق مۇددەت كەسپىي جەھەتتە يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا كېيىنكىلەرگە ئۈلگە، نەمۇنە بولغۇدەك خىزمەت نەتىجىسى ۋە كەسپىي تەجرىبىلەرنى ياراتتى.

بىرىنچىدىن، ئابدۇۋەلى ئاكا نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلدى. پارتىيىمىزنىڭ نەشرىياتچىلىق يۆنىلىشىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئىشلەش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى. سىياسىي ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇپ، كىتابلارنىڭ ساغلام نەشردىن چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئورىگىناللىرىنى تولۇق تەكشۈردى. سېزىلگەن مەسىلىنى دەل ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ ماڭدى. ئابدۇۋەلى ئاكا خىزمەت ۋاقتىدا كۆرۈپ بولالمىغان ماقالىلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، كەچلىرى تولۇق كۆرۈپ، ئەتىسى ئۈلگۈرتۈپ ئېلىپ كېلەتتى. بۇ خىل ئىش ۋاقتىدىن ئارتۇق ۋاقىت قوشۇپ ئىشلەش ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئىككىنچىدىن، ئابدۇۋەلى ئاكا كىتابلارنىڭ ئىلمىي جەھەتتە ئىمكان بار خاتاسىز، سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشىغا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ ئۆزى تەكشۈرگەن ھەربىر كىتابنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلىرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ، ئېنىق قىلمىغۇچە قويۇۋەتمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نەشرىيات ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملارنى داۋاملىق ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىپ تۇردى. تەھرىرلىك سۈپىتى مەسىلىسىنى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ جېنى دەپ قاراپ، بۇ ئۆتكەلنى ئىزچىل چىڭ تۇتتى. ئابدۇۋەلى ئاكا ماقالە تەكشۈرۈشتە شۇ قەدەر ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە ئىدىكى، تەھرىرلىكتە كەتكەن كىچىككىنە سەۋەنلىكمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. شۇڭا ھەربىر مۇھەررىر ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ چاتاق تېپىشىدىن ئەنسىرەپ، كىتاب ئورىگىناللىرىنى تەكشۈرۈشكە بېرىشتىن ئاۋۋال، ئۆزلىرى قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ چىقاتتى. ئابدۇۋەلى ئاكا ماقالە تەكشۈرمەيدىغان، تەكشۈرسىمۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان نۇقسانىنى كۆرمەيدىغان باش مۇھەررىرنى چاشقان تۇتمايدىغان مۈشۈككە ئوخشىتىدۇ. شۇڭا، ئۇ كەسپىي خىزمەتتە بىر يۈرۈش قائىدە - پرىنسىپلارنى بېكىتىپ چىقىپ، كىتاب ۋە ژۇرناللارنىڭ تەھرىرلىك سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇ ئارقىلىق كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تەھرىرلىكى، قايتا تەكشۈرۈش، بېكىتىش ھالقىلىرى قېلىپلىشىپ، تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق ئۆلچەملىرى ۋە تۈزۈملىرى ئېنىق تۇرغۇزۇلدى ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىندى.

ئۈچىنچىدىن، ئابدۇۋەلى ئاكا كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش، كەسپىي قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇش ئىشىنى چىڭ تۇتتى. ئۇ بىر نەشرىياتنىڭ ئىستىقبالى ئۇنىڭدا ئىشلەۋاتقان كەسپىي قوشۇننىڭ ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، تەھرىرلەرنى كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتتى. كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئابدۇۋەلى ئاكا نەشرىياتچىلىق، تەھرىرلىك كەسپىگە دائىر تۈرلۈك ماتېرىياللارنى توپلاپ، تەرجىمە قىلدۇرۇپ، 200 مىڭ خەتتىن ئارتۇق ماتېرىيال تەييارلاپ، باستۇرۇپ مۇھەررىرلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. ھەربىر مۇھەررىرنىڭ كىتابىنى

تەكشۈرۈشتە چېلىققان خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنى ھەتتا ئىملا مەسىلىلىرىگىچە تولۇق خاتىرلەپ، جەدۋەلگە چۈشۈرۈپ، شۇ مۇھەررىرنىڭ كۆرۈپ چىقىشى ۋە تەھرىرلىكىنى قايتا تولۇقلاپ ئىشلىشى ئۈچۈن بېرىپ، مۇھەررىرلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى كەسىپكە قارىتىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ياش مۇھەررىرلەر ئۇستاز تۇتۇش، پېشقەدەم مۇھەررىرلەر شاگىرت تۇتۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى، مۇھەررىرلەرنى كۇرسلارغا ئەۋەتىش، نەشرىيات سىرتىدىكى تونۇلغان كەسپىي خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، لېكسىيە سۆزلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇھەررىرلەر قوشۇنىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ ماڭدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىقتىدار ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە ئۇلارنى نەشرىياتقا يۆتكەپ كېلىپ، قوشۇننى كۈچەيتىش ۋە خىللاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ھازىرقى كۈندىمۇ نەشرىياتىمىزدا ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئابدۇۋەلى ئاكا تەھرىرلىك خىزمىتىدە پاك، دىيانەتلىك بولۇشنى ئىزچىل تەكىتلىدى. ئۆزىمۇ نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە پاك، ھالال ياشاپ، كەسپىي ئەخلاق ۋە سىياسىي ساپا جەھەتتە ئۆز كەسپداشلىرىغا ئۈلگە بولدى. ئۇ ئۆزى نەشرىياتتا ئىشلىگەن شۇنچە يىل جەريانىدا ئۆزىنىڭ بىرمۇ كىتابىنى نەشر قىلدۇرمىدى. باشقا مۇھەررىرلەر ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى چىقىرىشنى بىرنەچچە قېتىم پىلانغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇۋەلى ئاكا بۇ پۇرسەتنى باشقا شائىرلارغا بېرىشنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ توپلىمىنى پىلاندىن چىقىرىۋەتكەندى. ئابدۇۋەلى ئاكا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئۆز خىزمىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى. ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى، ئۆزىنىڭ كىتاب ئىشلەش ۋە نەشر قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى ھەر ۋاقىت قۇربان قىلدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى بۇ خىل خىسلىتى كەسپداشلار ئارىسىدا ھازىرمۇ پات - پاتلا تەرىپلىنىپ ۋە تىلغا ئېلىنىپ تۇرماقتا.

بەشىنچىدىن، ئابدۇۋەلى ئاكا نەشرىياتچىلىقتا جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشنى، خەلقىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش، نەشر قىلىشنى چىڭ تۇتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارلاق مىللىي سىياسەتنىڭ ئىلھامى بىلەن نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئابدۇۋەلى ئاكا خەلق نەشرىياتىدىكى باشقا كەسپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىيەتتىكى كەسپىي خادىملارنى تەشكىللەپ، جۇڭگونىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ، «سۇ بويىدا» ، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ، لۇشۈن ئەسەرلىرى، ماۋدۇن ئەسەرلىرى قاتارلىق نەچچە ئونلىغان كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، نەشر قىلىش ئىشىنى ئوڭۇشلۇق ۋۇجۇدقا چىقاردى. چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشىنىمۇ ئىزچىل چىڭ تۇتتى. «بۇلاق» ، «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىق مەخسۇسلاشقان مەجمۇئەلەرنى تەسىس قىلىشتا تەشەببۇسكار بولۇپ، مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ مەجمۇئەلەر كېيىن ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلدى. ئابدۇۋەلى ئاكا تاكى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر بۇ ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ ژۇرناللارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

ئالتىنچىدىن، ئابدۇۋەلى ئاكا كەسپىي خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان مەزگىللەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. مۇھەررىرلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان جايلارغا قەرەللىك ھالدا ئەۋەتىپ،

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتلى تەكشۈرۈشكە، ئاپتورلار ۋە كىتابخانلارنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئاڭلاشقا،
ئەسەر ئۈيۈشتۇرۇشقا، جەمئىيەتنىڭ تەلەپ ۋە ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ھېس قىلىشقا رىغبەتلەن-
دۈردى. ئۆزىمۇ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كىتابخانلار
ۋە ئاپتورلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ جەرياندا كىتاب ـ
ژۇرناللار ئۈچۈن ئەسەر مەنبەلىرىنى تولۇقلاش، ياخشى ئەسەرلەرنى، ياخشى ئاپتورلارنى،
تەرجىمانلارنى ۋە باشقا ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، كىتابخانلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى
ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئابدۇۋەلى ئاكا بۇنداق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئۈزلۈكسىز
ئىزدىنىپ، نەشرىياتىمىز ئۈچۈن بولۇپمۇ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ئۈچۈن يېڭى كۈچلەرنى
ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى جەلپ قىلدى.
ئابدۇۋەلى ئاكا رەھبەرلىك خىزمىتىنى بەجانىدىل ياخشى ئىشلەپلا قالماي، ئەمەلىي
تەھرىرلىك خىزمىتىنىمۇ قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ پىشقان كەسپىي ئىقتىدارىنى
نامايان قىلدى. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» (توپلام)، «ئىز» (رومان)،
«ئويغانغان زېمىن» (رومان، 1 ـ قىسىم)، «قەشقەر كېچىسى» (داستان) قاتارلىق نۇرغۇنلە-
غان مۇنەۋۋەر كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىدى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىر
بولغان «ئويغانغان زېمىن» (1 ـ قىسىم) ناملىق كىتاب 1996 ـ 1998 ـ يىللىق غەربىي
شىمال بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كىتاب باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا
ئېرىشتى.
ئابدۇۋەلى ئاكا دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە
جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن مېھنەت مېۋىلىرىنى خەلقىمىزگە تەقدىم
قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزبېك، قازاق تىللىرىدىن تەرجىمە قىلغان كىتابلىرى ھەرقايسى نەشرىياتلار
تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇلار
ئىچىدىن «دانالار خەزىنىسىدىن» (پارس ـ تاجىك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلە-
رى)، «تېبابەت دۇردانىلىرى»، «تەپەككۇر گۈلشىنى» (دۇنيا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ھېك-
مەتلىك سۆزلىرى)، «مارجان سۆزلەر» (دۇنيا ماقال ـ تەمسىللىرىدىن تاللانما)، «ئەقىل-
لىق بالا»، «ئۆزبېك خەلق چۆچەكلىرى»، «چىڭغىز ئايتماتوۋ پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلە-
مى»، «ساقچى باشلىقى مېگرې» (رومان، 1 ـ قىسىم)، «ئاجايىپ بالىلار» (رومان)، «ئالائىد-
دىن ۋە سېھىرلىك چىراغ»، «شەرق خەلق چۆچەكلىرى»، «ئا. س. پۇشكىن، ئۇنىڭ ھاياتى
ۋە ئەسەرلىرى»، «شەھنامە» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان)، «دىۋانى لۇتفى»
(باشقىلار بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان) قاتارلىق كىتابلارنى ساناپ ئۆتىدىغان بولساق،
بۇ پېشقەدەم نەشرىياتچىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنكى كۈنلىرىنىمۇ نەقەدەر ئالدىراش-
لىق ۋە ئىجتىھات ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ.
ئابدۇۋەلى ئاكا يۇقىرىقى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغاندىن سىرت، يەنە
ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۆزبېك، تۈرك، تاتار، قازاق، قىرغىز ئەدەبىياتىدىكى
مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي تونۇشتۇرۇپ تۇردى. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات
تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق
خەلقىمىزگە تەقدىم قىلدى. بۇلار ئىچىدە ئۆزبېك ئالىملىرىدىن نەتەن مەللەيېۋنىڭ «فەرھاد
ۋە شىرىن» ناملىق ماقالىسى، مۇھەممەدنۇرى ئوسمانوۋ، شاھ ئىسلام شاھمۇھەممەدوۋ
قاتارلىقلارنىڭ «شاھ كىتاب» ناملىق ماقالىسى، ئۆزبېك يازغۇچىسى ۋە دراماتورگى سەيىد
ئەھمەدنىڭ «كۈيئوغۇل»، «تەمكىن تەنقىدچى»، «قىلىچمۇ، توقماقمۇ»، «جىن»، «ئېلىق ـ
سېلىق»، «قولى قىچىشقاق بوۋاي»، «دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى خوتۇن»، «مېنى كەچۈرۈڭ»، «توي

سوۋغىسى»، «يۆلەنچۈك»، «جىمجىتلىق»، «كېچىككەن سۆيگۈ»، «يالپۇز ھىدى» قاتارلىق دراما، ئېپىزوت ۋە ھېكايىلىرى «بۇلاق»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. تۈرك يازغۇچىسى ئەزىز نەسىننىڭ «شەرھىسەندى قاچان تۇغۇلغان»، «دېموكراتىيە شۇڭقارى»، «بىئارام بولماڭ»، «شەپقەتلىك ئىت» قاتارلىق ھېكايىلىرىمۇ ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا مىر مۇھسىن، ل. لېرمونتوۋ، ۋ. ئوسېۋا، غارىپ ئاخۇنوۋ قاتارلىق يازغۇچى ۋە ئەدىپلەرنىڭ ھېكايە، چۆچەكلىرىدىن تاللاپ نەچچە ئون پارچىنى تەرجىمە قىلىپ، «تارىم»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «قاراماي ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. ئابدۇۋەلى ئاكا يەنە ھىندىستان ئەدەبىياتىدا تەسىرگە ئىگە ھېكايىلەردىن ئون نەچچە پارچىنى ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى.

ئابدۇۋەلى ئاكا تەرجىمە قىلغان تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى ئەسەرلەردىن بىرنەچچىسى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «جەيھۇن ئۈستىدە بۇلۇتلار» (بىرۇنى ھەققىدە قىسسە)، «ئىبن سىنا قىسسىسى» قاتارلىق ئىككى پوۋېست مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «گۈلىستان» مەجمۇئەسىگە كىرگۈزۈلدى. «سۇنغان ساتار» (مەشرەب ھەققىدە قىسسە) «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. «زۇلمەت ئىچىدە نۇر» (نەۋائى ھەققىدە قىسسە) ناملىق ئەسەرمۇ پات يېقىندا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. ئابدۇۋەلى ئاكا تەرجىمە قىلغان «مۇتىھەمنىڭ پەرۋازى» (رومان)، «ئەجدىھا قوۋمىدا» (رومان)، «جەڭلەر قىسسىسى» (رىۋايەت)، «ساقچى باشلىقى مېگرې» (رومان، 2 - قىسىم) قاتارلىق كىتابلارمۇ نەشر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئابدۇۋەلى خەلپەت ئاكا خېلى بۇرۇنلا كۆپچىلىككە تونۇلغان، قەلىمى پىشقان شائىر ئىدى. ئۇ 1946 - يىلىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، باللادا ۋە داستان يېزىپ، ئېلان قىلدۇرغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. توپلام ۋە دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى.

ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى خىزمىتىدە سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنىتى كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. 1993 - يىلى ئابدۇۋەلى ئاكا گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ماددىي تەمىناتىدىن ئۆمۈرلۈك بەھرىمەن بولىدىغان كەسپىي خادىملار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئابدۇۋەلى خەلپەت ئاكا ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇۋەلى ئاكا گەرچە دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن نەشرىياتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە، بولۇپمۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالىغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. ياش مۇھەررىرلەر بىلەن دائىم پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرى، پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بىز ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا، كۆڭلىنىڭ بەخت - سائادەت ۋە ئىپتىخارلىق ئىچىدە ئۆتۈشىگە تىلەكداشمىز.

www.uyghurkitap.com



①





③



②



④




源泉（布拉克）（维 [illegible] 期 　　（قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي92-سان

MAGAZ [illegible] ULAK UIGHUR LANGUAGE 　　بۇلاق

新疆人民出版社编 [illegible] 　　شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى [illegible]

（乌鲁木齐市解放南路 [illegible] 　　( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 نومۇر [illegible]

乌鲁木齐市邮 [illegible] 　　ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ [illegible]

中国国际图书贸易总公 [illegible] 　　جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ [illegible]

全国各地邮局 [illegible] 阅 　　جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ [illegible]

国内统一刊号：CN65-1063/1 　　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

本刊代号：58—108　定价：6.50元 　　ۋاكالەت نومۇرى: 108-58. باھاسى: 6.50 يۈەن

ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118 　　چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118